# ETHNICUNITY

2
1998

● ئۇتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ
تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق
ئاشۇرۇش كېرەك؟

● دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك
رەھبەرلىرىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
ژۇرنىلىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرى
ھەققىدە ئەسلىمە

● «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مەملىكەت بويىچە
نۇقتىلىق يۈز ژۇرنالنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى

● «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!

● دەرەخ ھەققىدە «رىۋايەت»



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

ISSN 1002-9184

# جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى



**تۇداۋدوجى**، زاڭزۇ. 1942 - يىل 6 - ئايدا شىزاڭنىڭ لاسا شەھرىدە تۇغۇلغان. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئۇلانسوخەي دىگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلغان، ئىرغونا ئايمىقىنىڭ كېنخې ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1978 - يىل 7 - ئايدىن 1981 - يىلىغىچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مائارىپ مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن؛ 1981 - يىلدىن 1985 - يىل 10 - ئايغىچە كوۋۇيۈەن ئورگانلار خوجىلىق باشقۇرۇش ئىدارىسىدە كاتىپ بولغان؛ 1984 - يىل 12- ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 1985- يىل 10 - ئايدىن 1991- يىل 11 - ئايغىچە شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 1991 - يىل 11- ئايدىن ھازىرغىچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

بىز ھەممىدىن ياخشىسنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

## ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل ئۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنى باھالاپ چىقتى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى

**(تەپسىلىي خەۋىرىنى 21 ـ بەتتىن كۆرۈڭ)**

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلىنىڭ بارغانسېرى ياخشى چىقىرىلىشىنى **تىلەيمەن**» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى ھەمدە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى **«ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك؟»** دېگەن ماقالىمىزدىن كۆرگەيسىز.

«‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى تەشۋىقات بازىسى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ئادەتتىكى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن، ھەم مىللەتلەرگە ئائىت مەخسۇس گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولۇشتىن ئىبارەت... ئەسىرلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا مىللەت دېگەن دائىرىدىلا چەكلىنىدۇ» دېيىلىدۇ مەزكۇر سانىدىكى **«شۇ قەدەر سۆزۈك سۈيى كەلگەن ئۇنىڭ قايىدىن دېسەڭ، بار ئىكەنغۇ ئەسلى باشتا چەشمە بۇلاق ئىزدىسەڭ»** دېگەن ماقالىدە. سىز ئەگەر 5 خىل تىلدىكى ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى ئەۋلادلىق رەھبەرلىرىنىڭ قانداق غەمخورلۇقلارنى قىلىپ، قانداق مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەنلىكىنى شۇنىڭدەك بۇ ژۇرناللارنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسى، مەزمۇنى، شەكلى قاتارلىق جەھەتتە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولاي دېسىڭىز، مەزكۇر ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇغايسىز.

**«يورۇقلۇق ئەلچىسى، بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى»** دېگەن ماقالىمىز سىزگە ئۆزۈن مۇددەتلىك ۋە جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تىببىي ماھارىتىنى پىششىق يېتىلدۈرۈپ، كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تالاي ـ تالاي كىشىلەرگە قايتىدىن يورۇقلۇق ئاتا قىلغان ھەدىيە دوختۇرنىڭ ئالىيجاناپ تىببىي ئەخلاقىنى تونۇشتۇرسا؛ **«شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە»** دېگەن ماقالىمىز سىزگە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شامىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىنى كونكرېت مىساللار ۋە سانلىق مەلۇماتلار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىمۇ دىققىتىڭىزدىن چەتتە قويمىغايسىز.

بۇ سان ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن ئەخمەت ھاشىمنىڭ **«‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!»** دېگەن ماقالىسى ۋە ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ **«بىردەستە گۈل تىزىپ ياندىم سەپەردىن»** دېگەن شېئىرلىرى مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قىلغان ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارىتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنىڭ بىر قىسمى، بۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى داۋاملىق بېرىلىدۇ. جۇشقۇن ھېسسىيات، يۈكسەك كەيپىياتقا تولغان بۇ ئەسەرلەرمۇ سىزگە ئىلھام بەخش ئەتكۈسى.

**«گۈلدەستە»** سەھىپىمىزگە بېرىلگەن **«ئاپەت بولدى ھەشەمەت»** دېگەن شېئىرنى 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان ژۇرنىلىمىزدا بېرىلگەن **«ھەشەمەت»** دېگەن شېئىر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، ئوخشاش تېمىدا يېزىلغان 2 شېئىردىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىستېتىك زوق ئالسىز.

بۇ سان ژۇرنىلىمىزدىكى **«دېھقاننىڭ تەبرىك سالىمى»** دېگەن ماقالىنى گويا ناھىيىسىدىكى ئەكبەر توختى دېگەن بىر دېھقان ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يازغان. يېرىم بەتلا كېلىدىغان بۇ ماقالىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان تېكەس ناھىيىسىدىكى ئىمىن ھاشىمنىڭ **«تەشەككۈر ۋە ئۈمىد»** دېگەن خېتى بىلەن، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان خوتەن ناھىيىسىدىكى جېلىل ھوشۇر دېگەن دېھقاننىڭ **«دېھقاندىن خەت»** دېگەن ماقالىسى بىلەن، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان توقسۇن ناھىيىسىدىكى نۇسرەتگۈلنىڭ **«‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن...»** دېگەن تەسىرات ماقالىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ كۆرۈڭ. ئۇ خەت ـ ماقالىلەر گەرچە چەت، يىراق جايلاردىكى ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن قىسقا ـ قىسقا تەسىرات بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا چىن دىلىدىن ئىنتىياق باغلىغانلىقىنى كۆرىسىز. سىزمۇ ژۇرنىلىمىز ھەققىدىكى تەسىراتلىرىڭىزنى باشقا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالامسىز؟!

# مۇندەرىجە

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىلىرى

ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك؟ .......... (4)
1997 - يىلىدىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىگە ئائىت ئون چوڭ خەۋەر .............. (5)
شۇ قەدەر سۆزۈك سۈيى كەلگەن ئۇنىڭ قايدىن دېسەڭ، بار ئىكەنغۇ باشتا ئەسلى چەشمە بۇلاق ئىزدىسەڭ
— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
ژۇرنىلىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرى ھەققىدە ئەسلىمە ........................... لۇ شېڭ (8)

## مىللەتلەر خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك
ژۇرنالنى باھالاپ چىقتى، ژۇرنىلىمىز شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى ........................... (21)

## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات

شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە ..........................
.......................... جاڭ شېەنگو، دۇەن جىيۇ (15)
ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يېڭى ھاياتى .................. خې تاۋ، ۋۇشۇگۋاڭ (20)

## مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ سەلتەنىتى

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا 42 يىل ئىشلىگەن شاجيۇەن .......................... شياۋلىن (22)

## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى
سېلىشتۇرمىسى... ........................................ دەي شياۋمىڭ (28)
ۋازۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى .................................. خەمىت نېغمەت (27)

## مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى... مەخسۇت ھېيت (32)

## ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى. مۇشتەرىلەرنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلانماقتا! ..........................
.......................................... ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي (34)
كۆردۈم (شېئىر) .......................................... ئابدۇللا ياقۇپ (35)
دېھقانىنىڭ تەبرىك سالامى .......................................... ئەكبەر توختى (59)

## تۆھپىكارلار

يورۇقلۇق ئەلچىسى، بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى .......................... مۇھەممەت سابىت (36)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

كۆپ قىرلىق، يېقىملىق ئوبراز .......................................... نۇرنىسا مۇھەممەت (40)

مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
ئىدرىس بارات

چېن لىچى (دۇڭزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېكەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 57 - سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021
نۆۋەتچى تەھرىرى: خامىت نېغمەت

ماقالە ئەۋەتىڭ     مۇشتەرى بولۇڭ     قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە




## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن بىلىم ۋە ھۈنەر توغرىسىدا .................... (42)
بىلىم توغرىسىدا چەت ئەل ئەقلىيە سۆزلىرى ................................ (42)
سەئىدى شىرازىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ................................ (43)

## تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت

يۈرەك - مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار دىققىتىگە .............. (44)
لايىغەزەللىك بەدەن سالامەتلىككە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ (قاتارلىق 4 پارچە) .............. (44)

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

خاراكتېر ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى توغرىسىدا .......... روزى ھاجى مۇھەممەدى (46)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان 2 سوئال ... (48)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

چەت ئەل يۇمۇرلىرى ................................................ (50)

## گۈلدەستە

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن! ........................ ئەخەت ھاشىم (52)
بىر دەستە گۈل تىزىپ ياندىم سەپەردىن (شېئىرلار) .................... ماخمۇت مۇھەممەت (56)
دەرەخ ھەققىدە «رىۋايەت» ................................................ مۇختار قادىر (58)
ئاپەت بولدى ھەشەمەت (شېئىر) ........................ تۇرسۇنجان ناسىرى (دېھقانىي) (60)
كىتابخۇمارنىڭ ئۆي ئىجارىگە ئېلىشى (ھېكايە) .................... كېففېر پوۋس (ئامېرىكا) (61)
مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيلى («م»غا مەركەزلەشكەن مۇراجىئەت) ... ئابلىتىپ مامۇت (63)
بىلىم بەخت بۇلىقى («ب» ھەرپى بىلەن يورۇشكەن سۆز ئويۇنى) .............. ھامۇت مۇسا (63)

## بەت ئاستى چىمەنزارى

مۇھەررىردىن، ئوقۇرمەندىن، ئىزگۈ تىلەك، قەلب چىرىغى، ھېكمەت، شەيتان لۇغەت قاتارلىق كىچىك سەھىپىلەر بويىچە دۇردانىلەر بېرىلدى ..................................

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ئاتاقلىق مىياۋزۇ ياش ناخشىچىسى سۇڭ زۇيىڭ ... سۈرەتنى لى جيېڭ تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى: ئۇداۋدوجى ... سۈرەتنى بايىر تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر ..................................
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ۋارۋۇلارنىڭ بېزەكلىرى... سۈرەتلەرنى ليۇشياۋمىن، سۇن شەنمىڭ قاتارلىقلار تارتقان

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58

ماقالە ئەۋەتىڭ   مۇشتەرى بولۇڭ   قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك؟

### — گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇباڭگو مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى

يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15 ـ قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «... ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرى ۋە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشى، مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشنىڭ قېلىپلاشقان تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ كۆپ شەكىللىك بىرلەشمىسى ۋە ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە پائال ياردەم بېرىش كېرەك.» شۇنىڭغا ئاساسەن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يولداش ۋۇباڭگو مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. مۇئاۋىن زۇڭلى ۋۇباڭگو مۇنۇلارنى دېدى: «بۇ جەھەتتە مەركەز خېلى بۇرۇنلا تەدبىر بەلگىلىگەن ھەمدە ئۇنى ھازىر يولغا قويۇۋاتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭچە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، مەركەز مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر كۆچەيتىلىدۇ، ھازىر بۇ جەھەتتە مۇھىم سالماق غەربىي رايونلارغا يۆتكەلدى، بېكىتىلگەن 9 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدا ئالاقىلىشىش، ئاۋئاتسىيە، پوچتا ـ تېلېگراف، سۇ ئىنشائاتلىرى، تۆمۈريول قاتارلىقلار بار. ئۈچىنچىدىن، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ، چىڭخەينىڭ تۇز كۆلى، شىنجاڭنىڭ پاختىسى بىلەن نېفتى يەنى بىر ئاق، بىر قارا دېگىنىمىز شۇ ـ دە، يۈننەننىڭ رەڭلىك مېتالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. تۆتىنچىدىن، سىستېمىلار بويىچە ياردەم قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن گۇيجۇ ئۆلكىسىنى ئالساق، ئۇنىڭغا ھازىر 4 ئۆلكە ـ شەھەر سىستېمىلار بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يار ـ يۆلەكتە بولماقتا. ھەرقايسى ساھە ـ كەسىپلەرمۇ ئۆز ساھەسى بويىچە يار ـ يۆلەكتە بولسا بولىدۇ.»

ۋۇباڭگو «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىق مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا: «‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلىنىڭ بارغانسېرى ياخشى چىقىرىلىشىنى تىلەيمەن!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)



# 1997 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىگە ئائىت ئون چوڭ خەۋەر

ژۇرنىلىمىز بۇلتۇر ئونىنچى قېتىم 1996 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت ئون چوڭ خەۋەرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىغانىدى. يېقىندا، ژۇرنىلىمىز يەنە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 1997 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىگە ئائىت ئون چوڭ خەۋەرنى تاللاپ چىقتى.

## جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش» نى تەلەپ قىلدى

ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يىغىن ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا غەلىبىلىك ئېچىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن دوكلاتىدا مىللەتلەر خىزمىتىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى ھەمدە: «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك» دەپ يەنە تەكىتلىدى.





## ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېلىمىزنىڭ ئونىنچى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىچە تۈزۈمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى، ئۇ يېڭى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى ئېچىپ بەردى. 1997 ـ يىل 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى زۇجياخۇا مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

## دۆلەت 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى

گوۋۇيۈەن يېقىندا 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق



ETHNIC UNITY



مەزمۇنى: 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا كۆچمە مەبلەغنى تۆۋەن ئۆسۈمدە ئىشلىتىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە مەخسۇس تۈرلەر بويىچە مەبلەغ سېلىشنى يولغا قويۇپ، مىللىي سودىنى يولغا قويغان ناھىيىلەردىكى 400 دىن ئارتۇق سودا كارخانىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 2000 دىن ئارتۇق كارخانىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يار - يۆلەكتە بولۇپ، 100 مىليون ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ.

## نەننىڭ - كۇنمىڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش رەسمىي باشلاندى

1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شەرقتە نەننىڭدىن باشلىنىپ غەربتە كۇنمىڭغا بارىدىغان، يۈننەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى كېسىپ ئۆتىدىغان، مەملىكىتىمىزدىكى «ئەڭ چوڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش تۈرى»، «غەربىي جەنۇبىي رايونلارنى دېڭىزغا تۇتاشتۇرىدىغان يول» دەپ ئاتالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 898 كىلومېتر كېلىدىغان نەننىڭ - كۇنمىڭ تۆمۈر يولى پۈتۈپ قاتناش رەسمىي باشلاندى.

## مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى

1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مەملىكەتلىك چېگرا رايونلار مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي جىڭخۇڭ شەھىرىدە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا مىللەتلەر خىزمىتىنى تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان چېگرا رايونلار مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە، تەجرىبىلەر خۇلاسىلىنىپ ۋە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ يازغۇچىلىرى مۇكاپاتلاندى

1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم 24 مىللەتنىڭ يازغۇچىلىرى مۇكاپاتلاندى، ئالدىنقى 4 نۆۋەتلىكتە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ باقمىغان لوبا، جىنو، تاتار قاتارلىق 3 مىللەتنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى باھالىنىپ تاللاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇكاپاتىنى تارقىتىشتا، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ساھەسىدىمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جەم بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ مەملىكىتىمىزدە كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ خىللىققا ئىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## مەملىكىتىمىزدە 13 - بولۇپ قۇرۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتىپى — دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى رەسمىي قۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا كەلدى

97- يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى دالىيەن شەھىرىدە رەسمىي قۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ مەملىكىتىمىزدە 13- بولۇپ قۇرۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد ئىنستىتۇت قۇرۇلۇش





مۇراسىمدا سۆز قىلىپ «دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئالدىنقى قاتاردىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» نى تەلەپ قىلدى. بۇ دۆلەت دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلاردا قۇرغان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.

**دارۋاز ئادىلجان ھوشۇر سەنشىيا بوغۇزىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، يېڭى دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى**

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ماھىرى ئادىلجان ھوشۇر 13 مىنۇت 48 سېكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن سەنشىيا بوغۇزىدىكى تەبىئىي توساقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچىرەيىن ياراتقان 53 مىنۇت 10 سېكۇنتلۇق دۇنيا رېكورتىنى 4 ھەسسىگە يېقىن ۋاقىت پەرقى بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى.

**3 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى كۆل سۈيى بىلەن خوشلاشتى، شىنجاڭ كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى**

شىنجاڭنىڭ كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 1995 - يىلى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى خوتەن ناھىيىسىگە 15 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىپ، 200 مىڭ دېھقان - چارۋىچىنىڭ كۆل سۈيى ئىچىش مەسىلىسىنى ئالدى بىلەن ھەل قىلدى. دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇ 3 يىلدا جەمئىي 600 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سالدى، پۈتۈن شىنجاڭدا كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 1000 غا يېقىن قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزدى. نۆۋەتتە 3 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى سېسىق كۆل سۈيى بىلەن خوشلىشىپ، سۈزۈك تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى. شىنجاڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى.

**جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» لىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆزنەك ــ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى خاتىرىلەندى**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 97 - يىل 10 - ئايدا ژۇرنال (خەنزۇچە) نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىق خاتىرە كۈنىنى كۈتۈۋالدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى تىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، جۇڭگودىكى بىردىنبىر مەركەز دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەرغىپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەمدە خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن قاتارلىق 5 خىل تىلدا نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا قەدەر تارقىتىلىدۇ. ژاڭزۇچە نەشرىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ياخشى ئىشلەندى، ھازىر ئۇنىمۇ نەشردىن چىقىش ئالدىدا.

(خەمىت نىغمەت تەرجىمە قىلدى)



# شۇ قەدەر سۆزۈك سۈيى كەلگەن ئۇنىڭ قايىدىن دېسەڭ، بار ئىكەنغۇ باشتا ئەسلى چەشمە بۇلاق ئىزدىسەڭ

**— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەر ئەۋۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرى ھەققىدە ئەسلىمە**

**لۇشىڭ**

1

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، يولداش لى ۋېيخەن، ۋۇلەنفۇلار: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى تەشۋىقات بازىسى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ئادەتتىكى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن، ھەم مىللەتلەرگە ئائىت مەخسۇس گېزىت - ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار بىزدىن ژۇرنالنى ئىشلەشتە يۇقىرىدىكى ئىككى ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەپ ۋە ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىپ، ژۇرنالنى جانلىق چىقىرىپ، ئۇنى پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەشتىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقىي يوسۇندا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆز - قۇلىقى ۋە تىلى بولۇش رولىنى ئوينايدىغان قىلىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى بولغان يولداش ساكۇگلياۋ يولداش لى ۋېيخەن، ۋۇلەنفۇلارنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئىپادىلەشكە تېگىشلىك ئىككى ئالاھىدىلىكنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغانىدى. يولداش ساكۇگلياۋنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار مۇشۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەش ۋە قوللىنىشنىڭ ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىشقا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكەنىدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خەۋەر قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىمۇ، خەنزۇلار رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)، مەزمۇنىمۇ كۆپ (سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)، شەكلىمۇ خىلمۇ خىل ۋە كۆپ (باش ماقالە، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسر، تۆھپىكار شەخسلەر ھەققىدىكى ئوچېرك، شېئىر، ئەسلىمە، سۈرەت ۋە رەسىم قاتارلىقلار بار) ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا مىللەت دېگەن دائىرىدىلا چەكلىنەتتى. ئۇ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت ئەھۋاللار ۋە تەجرىبىلەرنى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەرنى تەمىن ئېتەتتى. مانا بۇ مىللەتلەرگە ئائىت مەخسۇس گېزىت - ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىناتتى، بىز ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ «خاسلىقى» دەپ ئاتىدۇق. ژۇرنال چىقىرىش جەريانىدا مۇشۇ ئۆزگىچىلىكى — «خاسلىقى»نى قانچە يارقىن ھالدا جارى قىلدۇرساق، ھەر مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ كۈچلۈك ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولالايتتۇق؛ بۇ ئۆزگىچىلىك - «خاسلىق»نى يوقىتىپ قويۇپ ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى باشقا گېزىت - ژۇرناللار بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويساق، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتۇق.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆز - قۇلىقى ۋە تىلى بولۇپ، مەملىكەت خاراكتېرىدىكى پارتىيە گېزىتى ۋە پارتىيە ژۇرناللىرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يەنى پارتىيە گېزىتى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ژۇرنال چىقىرىش جەريانىدا باشتىن — ئاخىر پارتىيە گېزىتى، پارتىيە

ETHNIC UNITY

ژۇرنىلىغا خاس پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مانا بۇ — «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ «ئورتاقلىقى» دۇر. ژۇرنال چىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى ئىزچىللاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ ئالاھىدىلىككە سەل قارالسا، ژۇرنال يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا «خاسلىق» بىلەن «ئورتاقلىق» نىڭ دىئالېكتىك بىرلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرىگە يان بېسىپ، يەنە بىرسىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى.

2

40 يىل مابەينىدە پارتىيە ۋە دۆلەت بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان رەھبەرلىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا چەكسىز غەمخورلۇق قىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى گويا باھار يامغۇرىغا ئوخشاش سۇغىرىپ ساغلام - تېمەن يېتىلدۈرمەكتە.

يولداش لى ۋېيخەن 1 - ئەۋلاد پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى تەشۋىقات - خەۋەر قىلىش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. 1957 - يىلى، ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەلىپى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى مەخسۇس تەشۋىق قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر مەتبۇئاتنىڭ بولۇشى جىددىي زۆرۈر بولغانىدى. خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق بىر ئويىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن يولداش لى ۋېيخەن يولداش ۋۇلەنفۇ (ئۇ چاغدا يولداش ۋۇلەنفۇ گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇل بولۇپ چىقىرىشقا تۇتۇش قىلىشنى بەلگىلىگەنىكەن.

يولداش ۋاڭ فېڭنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە تەييارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خىزمەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۈچۈن خىزمەت نىزامى ۋە تەشۋىقات - خەۋەر قىلىش ۋەزىپىلىرىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى ھەمدە ژۇرنالنىڭ نامىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دەپ ئاتاشتى، 1957 - يىل 10- ئاينىڭ 12 - كۈنى نەشر قىلىشنىمۇ قارار قىلىپ بەردى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى نەشردىن چىقىشى ھامان يولداش ۋاڭ فېڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋەكالىتەن بېيجىڭدىكى داڭلىق ئالىم، يازغۇچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بېرىشنى، ماقالە، ئەسەر يېزىپ قوللاپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى.

يولداش لى ۋېيخەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىدا، خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ۋاقىت چىقىرىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۈچۈن داۋاملىق ماقالە يېزىپ بېرەتتى.

يولداش ۋۇلەنفۇ ئۇ چاغدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇپ، خىزمىتى بەك ئالدىراش بولاتتى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى چىقىرىش جەريانىدا، ئۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇھىم ماقالىلىرىنى ھەمىشە كۆرۈپ تەكشۈرۈپ بېرىشتىن باشقا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدىكى ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ تۇراتتى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىلا چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىمۇ چىقىرىش مەسىلىسىنى پىلانغا كىرگۈزۈشىمىز لازىملىقىنىمۇ جېكىلىگەنىدى. ئۇ: مەملىكەت بويىچە 10 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت خەنزۇچە تىل - يېزىقنى ئۇقمايدۇ، سىلەر خەنزۇچە بىر خىل تىل-يېزىقتىلا چىقارساڭلار، 10 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ئوقۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولۇپ قالىسىلەر. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇنداق جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىشنى



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

چىك تۇتۇپ ئىشلىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئەگەر تەرجىمان يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويساڭلار، بۇمۇ ئاسان ئىش، ئوتتۇرىغا قويۇپ تەلەپلا قىلساڭلار، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى سىلەرنى قوللايدۇ، دېگەنىدى.

ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا يوليورۇق كۆرسىتىشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئارقىلىق گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا تەرجىمە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ھەققىدە دوكلات سۇنغانىدۇق.

3

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ چىقىرىلىشى داۋامىدا جەمئىي ئىككى قېتىم ژۇرنال توختاپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەرگەنىدى: يەنى بىر قېتىم 1960 ـ يىل8 ـ ئايدىن 1961ـ يىل 1 ـ ئايغىچە سىياسىي سۈپەت تەكشۈرۈش سەۋەبى بىلەن توختاپ قالغانىدى؛ يەنە بىر قېتىم 1966 ـ يىل 8 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ژۇرنال توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇ قېتىملىق ژۇرنال توختاش «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۈچۈن زور ئاپەت بولدى، ئۇنى نەشر قىلىشقا يول قويۇلمايلا قالماستىن، «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى»لارنىڭ نەرسىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان ژۇرنال دەپ قارىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە ئىشخانىلارنى تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىۋېلىندى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان رەھبىرىي كادىرلار تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنىشتىن باشقا بارلىق خادىملار پۈتۈنلەي تارقىتىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىلدى، ژۇرنال شۇ توختىغانچە 13 يىل توختاپ قالغانىدى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يولداش ياڭ جىڭرېن مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا كېلىشى بىلەنلا چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ژۇرنالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئۇبدان تۇتۇشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنى مۇشۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى ھەمدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە شۇنىڭدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ۋاقتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ ئۆتتى ۋە ئۇنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ھەيئەتلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىشتىن بۇرۇن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇ يىغىننىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىشقا ئۈلگۈرتۈش لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى. يېرىم ئايدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى تەھرىرلىك، مۇخبىرلىق، ماتېرىيال خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 6 يولداشنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، مەن بىلەن قوشۇلۇپ 7 كىشى بولدۇق.

ئۇ چاغدا پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى يېڭىلا ئېچىلغانىدى. بىز 7 كىشى ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا ژۇرنالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق ھەمدە «ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، يۈرەكلىك يېڭىلىق يارىتىپ، ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش»دېگەندىن ئىبارەت ھەرىكەت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەركىمنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا خىزمەت تەقسىماتى قىلىشىۋالدۇق ۋە ھەر بىرىمىز ھەر كۈنى ئەسلىدىكى ئاپتور ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىزغا 7 پارچىدىن 5 پارچىغىچە خەت يېزىشنىمۇ ئالاھىدە پۈتۈشىۋالدۇق.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى روھىنى يەتكۈزگەندە يىغىنغا ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئەسلىگە كەلگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ خۇشاللانغان ھالدا: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇ قەدەر يېقىندىن ماسلىشىپتۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئىشلەشتىكى ياخشى ياردەمچى ئىكەن، دېيىشكەنىدى.

يولداش ياڭ جىڭرېن: «ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى كۆپچىلىككە تايىنىش ئارقىلىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىمۇ كۆپچىلىككە تايىنىپ چىقىرىش كېرەك»دېگەنىدى. يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يوليورۇقىدا، ئۇ يەنە: مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە ھازىر تېخى مەملىكەت خاراكتېرلىك بىرمۇ

ETHNIC UNITY

كېزىت يوق، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى گېزىتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى.

يولداش ياڭ جىڭرېننىڭ بۇ يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ژۇرنال چىقىرىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى يولداشلار مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك بەزى تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر قاتار ماقالىلەرنى يازدۇق. كېيىن ئۇ يەنە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىش ئاساسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت بىر گېزىت چىقىرىش، ئۇنىڭ نامىنى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى گېزىتى» دەپ قويۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ئۇنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تەھرىر بۆلۈمىمىز شتاتنى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا دەرھال بىر دوكلات يېزىپ سۇندۇق. گوۋۇيۈەن ئۇنى ھايال ئۆتمەيلا تەستىقلاپ چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ شتاتى ئەسلىدىكى 35 كىشىدىن 98 كىشىگە يەتكۈزۈلدى.

4

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقايسى نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ئوخشاشلا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. ئۇ ھەمىشە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە زور رول ئويىنىشى ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ تۇردى. ئۇ: مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ماركسىزملىق دىن قارىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق تەرەققىيات ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغان، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تەشۋىقات - تەربىيە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى.

يولداش ئىسمائىل ئەھمەد 1986 - يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ رەسمىي ئىشقا چۈشكەندە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسى ھېسابلىنىدىغان دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى خەنزۇچە بىرلا تىلدا چىقىۋاتاتتى. بۇ ژۇرنالنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىمۇ چىقىرىش مەسىلىسى قارار قىلىنغان ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، تېگىشلىك خىراجەت ھەل قىلىش ۋە مۇناسىپ ھالدا ئاز سانلىق مىللەت تەھرىر-تەرجىمان خادىملىرىنى يۆتكەپ سەپلەشتەك كونكرېت ئىشلار تېخى ئەمەلىيلەشمىگەنىدى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، 1988 - يىل 10- ئايدىن باشلاپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدىكى نەشرلىرى ئارقا- ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، مەركەزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا قەرەللىك ژۇرنال چىقىرىشتەك يېڭى بىر ئىجادىيەت تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى بىلەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى چۈشىنەلمەيدىغان 10 نەچچە مىليون نوپۇسقا ئىگە 10 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياستى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت يوليورۇقلىرى، خىزمەت ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا، بىۋاسىتە خەۋەر تېپىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا چىقىرىلىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، كەڭ ئاپتورلار، يازغۇچىلار ۋە زىيالىيلار ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىشكە تېخىمۇ كەڭ سورۇن ھازىرلاندى.

ETHNIC UNITY

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا باش ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى ياكى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى مەھكىمە باشلىقى دەرىجىلىك خادىملار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىدا باشقارما دەرىجىلىك ئىككى تەھرىر بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى خەنزۇچە ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى، يەنە بىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەھرىر-تەرجىمە بۆلۈمى ئىدى. «تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى» 4 خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ژۇرنال خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى. «تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى»قارىمىقىدا ئايرىم- ئايرىم ھالدا موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تەھرىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك، تۆۋىنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك ئىدى.

1991 - يىلىغا كەلگەندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىغا مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى دەرىجىلىك مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر سەپلىنىپ، بىرەيلەن موڭغۇلچە، چاۋشيەنچە ژۇرنالغا، يەنە بىرەيلەن مەخسۇس ئۇيغۇرچە، قازاقچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىغا مەسئۇل قىلىندى. ئىسمائىل ئەھمەد ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، بۇ قارارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا ئۇقتۇردى.

شۇ قېتىمقى يىغىندا، مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد تەھرىر بۆلۈملەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھەممە تىلدىكى تەھرىر بۆلۈملەرنىڭ دەرىجىسى باراۋەر بولۇشى كېرەك، كەم دېگەندە باشقارما دەرىجىلىك بولۇشى كېرەك، دەپ يوليورۇق بەردى. چۈنكى تەھرىر بۆلۈمنىڭ دەرىجىسى ياراملىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ كېلىشتىكى مۇھىم ھالقا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 4 خىل تىلدىكى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ دەرىجىسى باشقارما دەرىجىلىككە كۆتۈرۈلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قارارىغا بىنائەن، ئۇيغۇرچە، قازاقچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنى ئۇرۇمچىدە ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ چىقىرىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇش بېكىتىلدى. مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىدرىس بارات قوشۇمچە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئۇيغۇرچە، قازاقچە



سۈرەتتە: مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد ژۇرنىلىمىز باش مۇھەررىرى ئىدرىس باراتقا ژۇرنال خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق بەرمەكتە.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، مۇقىم ئىشخانا ۋە خادىملارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى، ماشىنا ۋە لازىمەتلىك ئەسلىھەلەر، تېگىشلىك راسخوت تېزلا ھەل قىلىندى ۋە تېزلا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تىراژى خەنزۇچىسىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇشتەك ئاجايىپ زور نەتىجىنى ياراتتى.

يولداش ئىسمائىل ئەھمەد خىزمىتىنىڭ شۇنداق ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ياخشى چىقىرىلىشىغا ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ژۇرنالنى تەپسىلىي ئوقۇپ، مۇھەررىر خادىملارغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. مۇنداق بىر ئىشنى ژۇرنال مەسئۇللىرى دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ: 1993 - يىل 10- ئايدا ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناملىق بىر شېئىر تاپشۇرۇۋالدى. باش مۇھەررىر ئىدرىس بارات بۇ شېئىردا مىللەتنىڭ تۆھپە- كەشپىياتى، شان - شەرىپىمۇ، ئىللەت - نۇقسانلىرىمۇ بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئۆتكۈر تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن، ژۇرنالغا بەرسەڭ بولىدىكەن دەپ قارىدى ھەم ئىشنى تېخىمۇ پۇختا قىلىش ئۈچۈن، بۇ شېئىر توغرىسىدا ئىسمائىل ئەھمەدتىن پىكىر سورىدى. بۇ شېئىر 6 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شېئىرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان 6 - قىسمى مۇنداق ئىككى مىسرا بىلەن تاماملانغانىدى:

«ئۇنتۇما مىللىتىم، ئاۋۋالقىسى پۇشتۇڭغا تەۋە شان،
سېنىڭ شانىڭ نېمە، سىنغان ساپال، دات تېغ، رۇچاقلارمۇ؟!»

يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئۇ شېئىرنى زېھىن قويۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، «شېئىرنىڭ ئاخىرى كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىيالمىغۇدەك، بىز مىللىتىمىزگە ئۈمىد بېغىشلىشىمىز كېرەك، شۇڭا سىلە كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان بىر نەچچە مىسرا شېئىر يېزىپ قوشۇپ ئېلان قىلسىلا» دېدى. ئىدرىس بارات دەرھال شېئىر ئاپتورى روزى سايىتقا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇپ، ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى 7 - قىسمى ۋۇجۇدقا كەلدى:

مۇسەننىپ، بول ئۈمىدۋار، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشنايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.
ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھات تېگى، غايىللىقى يۈتكەي،
ئەمەس ئانچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.
ئۈمىدلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن، سۆيگۈسىدىن ھەم،
شېرىن پەرھادىنى، لەيلاسى مەجنۇننى باغلايدۇ.
ئەمەس ھېچقانچە ئىللەتنىڭ كۈچى ئۆزىنى بىلگەنگە،
نى ئىللەت تاغىنى ئۆزىنى بىلگەنلەر پاچاقلايدۇ.
ئەقىل - ئىدراكنى قاشتاشلىق تۇنالماس ئىلكىدە ئەمدى،
دەۋر تورغاچقا پاكلاپ روھنى، غايىللىق ياۋاشلايدۇ.
كېرەم، دىلبەرگە باق، مىللەتنى كۆر، روھلان، خۇيۇڭنى تۈز،
ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە «قىل»نى «پىل» دەپ، غەم ھاپاشلايدۇ.
جاھانغە ئەجەپ جىق سۆزلىدىڭ روزى، يەنە سۆزلە،
دېگىن: ئۆزىنى بىلشە مىللىتىم گۈللەيدۇ، ياشنايدۇ!

بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەر ساھە زاتلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك سادا پەيدا قىلدى، ئارقا- ئارقىدىن نۇرغۇن ئوبزورلار ۋە خەتلەر كېلىپ، تەھرىر بۆلۈمىگە ۋە ئاپتورغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىندى. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاشتا ئۆتكەلنى تېخىمۇ ئىگىلەيدىغان، كىشىلەرگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئېلان قىلىشقا بەك دىققەت قىلىدىغان بولدى.

ژۇرنالنىڭ مۇشتەرى سانىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد بۇ نۇقتىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى.



مۇھەررىردىن: بىزگە ئەسەر ئەۋەتكەندە پوچتا نومۇرىڭىزنى ۋە ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ قويۇڭ.

ژۇرنال خادىملىرىغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ تىراژىنى كۆپەيتىش مەسىلىسىنى دائىم تەكىتلەپ تۇردى. ئالاقىدار يىغىنلاردا بىر نەچچە قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلىدى:

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى، بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى ۋاستىمىز. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پۈتكۈل تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.»، «مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقى› ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن». بۇ يولیورۇقلارنىڭ تۈرتكىسىدە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زور نەتىجىلەرنى ياراتتى.

بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى چىقىرىلىشىدا، ياخشى ئەسەرلەرنى تەشكىللەپ ئېلان قىلىش باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ياخشى ئەسەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىستېداتلىق ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ياخشى ئەسەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ئاپتورلارنى ئىنتايىن قەدىرلەپ كەلدى. ئۇلار مەيلى قەيەرگىلا بارمىسۇن، ھامان يازغۇچى، شائىر، ئاپتورلارنى سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ ژۇرنال مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ ئەۋەتىشكە دەۋەت قىلدى. مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدىغان بىر قىسىم يازغۇچى، ئاپتورلارنى شىئەن، يەنئەن، بېيجىڭ، دالىيەن، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، يازغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد بېيجىڭدا ۋە دالىيەندە بۇ يازغۇچىلارنى سەممىي قوبۇل قىلىپ كۈتۈۋالدى. بۇ ئىش ئېكسكۇرسىيىگە بارغان يازغۇچىلارنىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالدى ۋە پۈتكۈل قەلەمكەشلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ھەممەيلەن مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يازغۇچىلارغا قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىدىن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تەسىرلەندى. بۇ ئىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە چوڭقۇر تارىخىي تەسىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى سانلىرىدا ئۈزلۈكسىز ئىپادىلىنىدىغۇسى.

ئۆتكەنكى 40 يىل جەريانىدا، بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىشتا بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپى بىلەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى چوڭ. بىز سىياسىي ساپايىمىزنى ۋە كەسپىي ساپايىمىزنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

*ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنىڭ باش تەرىپىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى قوشۇمچە باش مۇھەررىرى لۇ شېڭ يازغان بولۇپ ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى، كېيىنكى قىسمىنى ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەييارلىدى.*

ETHNIC UNITY

# شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە

جاڭ شيەنگو، دۇەن جيۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى چېگرا سودىسى بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھازىر شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم بولۇپ قالدى.

**چۆل - جەزىرىلەردىن سودا بەلبېغىچە**

بۇنىڭدىن ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ 5000 كىلومېترلىق چېگرا لىنىيىسىدە قاتمۇ قات ھەربىي قاراۋۇللار ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئۆتكەن سىم توساقلار ئارىلىرىدىن يات دۆلەت تەرەپنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، تۇرلۇك ئىرقتىكى تىجارەتچى، ساياھەتچىلەر چېگرا بويلىرىدىكى ئون نەچچە چېگرا ئېغىزىدىن ئۈزۈلمەي كىرىپ- چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. قاقاسلىقتا قەد كۆتۈرگەن ئىمارەتلەر، توپ- توپ كىشىلەر، يەشىك - يەشىك ماللار، ئاپتوموبىللار بۇ يەرلەرنى قايناق سودا بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەرنىڭ جۇڭگو تاۋارلىرىنى توشۇش ئەنئەنىسىگە ئەمدىلىكتە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ساياھەتچى، سودىگەرلىرى ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما ئات - تۆگىلەرنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوموبىللار ئالدى. غۇلجا شەھىرىگە 90 كىلومېتر كېلىدىغان قورغاس چېگرا ئېغىزى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تاشيول چېگرا سودا ئېغىزى بولۇپ، ئالما- ئاتاغا 290 كىلومېتر كېلىدىكەن، ئۇنىڭدىن يىلىغا 10 مىڭ تونىنا مال ئۆتىدىكەن، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى تولۇق، چوڭ - كىچىك بولۇپ 20 نەچچە مېھمانخانا بار ئىكەن. بۇ يەردە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر تىجارەت قىلىدىكەن.

20 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان بۇ بازار تېخى 5 يىل بۇرۇن ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان جاڭگال ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتكەن. بۇ بازارغا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن كۈنىگە 100 دىن ئارتۇق ساياھەتچى مېھمان كېلىپ تۇرىدىكەن. ئېلىمىز تاۋارلىرىنىڭ كۈنلۈك سېتىلىش سوممىسى 400 مىڭ يۈەنگە يېتىدىكەن. بۇ بازاردا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس قاتارلىق تىللاردا خېرىدار چىللاۋاتقان ئاۋازلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تىل سىستېمىسىدىكى سودىگەرلەرنىڭ جۇڭگو سودىگەرلىرىدىن ئالغان كۈندىلىك تۇرمۇش



بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى يوغان تاغارلارغا قاچىلاپ ئۆز ئېلىگە ماڭغۇزۇشى كىشىنى جەلپ قىلىدىكەن. بىر ئۇيغۇر ياييمچى بىزگە: بۇ بازاردا سودا ـ سېتىق باشلانغىنىغا 4 يىل بولدى، يىلىغا 700 مىڭ يۇەنلىك مال ساتىمەن، دېدى.

چۆچەكتىكى باقتۇ چېگرا ئېغىزى 1995 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۈچىنچى بىر دۆلەتكىمۇ رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن. ھازىر بۇ يەرگە قازاقىستان، روسىيە، بېلورۇسىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى، ھەتتا ياۋروپا، ئەرەب ئەللىرىنىڭ ساياھەتچىلىرىمۇ كېلىپ تۇرىدىغان بولغان. بۇ ئېغىزغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆچەك شەھىرى بىردىنلا بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاۋاتلىشىپ كەتكەن.

تونۇشتۇرۇشىچە، باقتۇ ئېغىزىدىن كۈنىگە كىرىدىغان ساياھەتچى 200 دىن ئاشىدىكەن، ئۇلار خەلقئارا پاسسازىر ئاپتوبۇسىدا كېلىپ، 2 ـ 3 كۈنچە تۇرىدىكەن. رىكشىچى-ھارۋىكەشلەر ئۇلارغا مال ئېلىشىپ بېرىپ، يول باشلاپ، بىر ھارۋىكەش كۈنىگە 100 نەچچە يۈەندىن جىقراق پۇل تاپىدىكەن. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئالىي ئىقتىسادچىسى ماۋخۇەي: «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ساياھەتچىلىرى كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش كۈندىلىك بۇيۇملارنىلا سېتىۋېلىشتىن ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا ئوخشاش ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا يۈزلەندى» دېدى.

قورغاس ۋە باقتۇ چېگرا ئېغىزلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا بىر مۇنچە چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قاپتۇ. شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە روسىيە بولۇپ 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىدىكى 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 33 ناھىيە، شەھەرنىڭ نوپۇسى شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا نەپ يەتكۈزگەن. موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدىغان تۆمۈر تام ئېغىزى 1992 ـ يىلى ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئېغىز جايلاشقان سەنتاڭخۇ يېزىسىدىكى دېھقانلار مېھمانخانا، ماگىزىن ئېچىپ، ھەربىر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق كىرىم قىلىپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى جەھەتتە ئۆلكە كۆرسەتكەن. ئالاتاغ چېگرا ئېغىزى 1996 ـ يىلى 1 مىليون 130 مىڭ توننا مال ئۆتكۈزگەن. بۇ يىلنىڭ 1 ـ پەسلىدىلا 500 مىڭ توننا مال ئۆتكۈزۈپ، غەربىي شىمال بويىچە بىرىنچى چوڭ ئېغىزغا ئايلانغان. بۇ سودا شەھىرى دەسلەپكى كۆلەمگە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشى، مەبلەغ سېلىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلانغان. نۆۋەتتە، بۇ ئېغىزدا رويخەتكە ئېلىنغان جۇڭگو، چەت ئەل كارخانىسى 200 دىن ئاشقان. دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى بولغان قونجىراپ، ئالاتاغ، قورغاس قاتارلىق ئون نەچچە چېگرا ئېغىزىدىن كىرىپ-چىقىدىغان ساياھەتچى يىلىغا 400 مىڭ ئادەم ـ قېتىمدىن ئاشىدىكەن. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ چېگرا لىنىيىسىدە ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋېي جيەنگو مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىزدە شىنجاڭغا ئوخشاش مۇنداق ياخشى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون يوق. چېگرا لىنىيىسىدىكى سودا بەلبېغىنىڭ شەكىللىنىشى بىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىمىزنىڭ بازار ئەۋزەللىكىمىزگە ئايلىنىشىنى تېزلەتتى.»

شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى نەچچە يىل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، 1996 ـ يىلدىن تارتىپ سەل سۇسلىشىپ قالدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 230 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ % 48.5 نى ئىگىلىگەن. 1995 ـ يىلى ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 700 مىليون دوللارغا يېقىنلاشقان. 1996 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1995 ـ يىلدىكىدىن % 6، ئېكسپورت مىقدارى % 40 تىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئېچىۋېتىش شىنجاڭنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرۈپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تىجارەتچىلىرىنىمۇ شىنجاڭغا جەلپ قىلدى. ئىقتىسادىي ئاجىز دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ئەمدىلىكتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىدە «غەربىي ئېغىزى» بولۇپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلىنىشىدىكى ئىقتىسادىي

مۇھەررىردىن: ئىلھامجان روزى، ھامۇت مۇسا، تۇردى قادىر لازىرى ئالاقىلىشىش ئورنىڭلارنى بىزگە مەلۇم قىلغايسىزلەر.

ۋاستىچىسىگە ئايلاندى. ۋېي جيەنگو بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قىلغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا تۆت ئۈلۈشتىن ئارتۇقراقىنى ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭكى ئىگىلىدى. بۇلتۇر ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق قىلغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى». 90- يىللاردىن بۇرۇن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن سودىسى يوق دېيەرلىك ئىكەن، مانا بۇ سېلىشتۇرمىدىن تارىخىي بۆسۈش بولغان، دېيىشكە ھەقلىقمىز.

1992 - يىل 6 - ئايدا، مەركەز شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك، بورتالا شەھەرلىرىنى چېگرا بويىدىكى ئوچۇق شەھەر ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىنى دېڭىز ياقىسىدىكى ئوچۇق شەھەرلەرگە يۈرگۈزۈلگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدىغان شەھەر قىلىشنى تەستىقلىدى. شىنجاڭ بىردىنلا ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان سودا يولىغا ئايلىنىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. خاسىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە «ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى» شىنجاڭنىڭ «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلىش»غا كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. شۇنداقلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرلىشىپ چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

1992 - يىلى، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 459 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. 1995 - يىلى بىر سەكرىپلا 1 مىليارد 428 مىليون دوللارغا يېتىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا.

### چېگرا سودىسى شىنجاڭنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگۈسى

چېگرا سودىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ ھەمىش - پەش دېگۈچىلا ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى بولۇشتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ، ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. دېمەك، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان شىنجاڭ پۇختا قەدەم بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىدى.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى نەچچە ئون مىليون دوللار ئىدى. ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، 1992 - يىلى سودىدا 100 مىليون دوللارلىق ئۆتكەل بۆسۈپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپىيىپ ماڭدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قىلغان چېگرا سودىسى سوممىسىدا 695 مىليون دوللارلىق رېكورت يارىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىدى. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان سودا مۇئامىلىسى خەلقئارا ئادەت ئىزىغا كىرىپ، مالغا مال تېگىشىش نەق پۇل بىلەن پىرېۋوت قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

ئەينى چاغلاردا شىنجاڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن پەن - تېخنىكا جەھەتتە ياخشى ھەمكارلاشقاندى. يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

قىسقىسى، چېگرا سودىسىدىن ئىبارەت بۇ كۆۋرۈك شىنجاڭ بىلەن ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە ھەمكارلىشىش يولىنى تۇتاشتۇردى.

### ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مىللەتلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ئېڭىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سۈردى

56 ياشلىق چى شىخېي قورغاس چېگرا ئېغىزىدا ھەركۈنى نۇرغۇن سودا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئىشخانىسىدا قازاق، رۇس ۋە جۇڭگولۇق تىجارەتچىلەر ئۈزۈلمەيدىكەن. ئۆتۈشۈۋاتقان يۈكلۈك ئاپتوموبىللار، دۆلەت چېگرا بەلگىسى قىلىنغان سىم تورلار ۋە قازاقىستاننىڭ كەنتلىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن.

چى شىخېي شىبە مىللىتىدىن ئىكەن. جۇڭگونىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن ھەربىي ھالەت تۈسى سۇسلاشقان غەربىي شىمال چېگرا لىنىيىسىدە پەيدىنپەي سودا بەلبېغى شەكىللەندى. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شىبەلەرمۇ زامانىۋىلىشىش يولىغا تېز قەدەم تاشلىدى.

چى شىخېي 5 خىل تىلنى پىششىق بىلىدىكەن، خەلقئارا

سودا مۇتەخەسسىسى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانلىقى ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا بەل قويۇۋەتمىگەنلىكىدە ئىكەن. ئۇ: «ھازىر بارغانسېرى كۆپلىگەن شىبەلەر دادىل ھالدا چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى، نەچچە مىليون يۈەن تاپقانلارمۇ خېلى بار» دېدى.

**چېگرا سودىگىرى يېتىم باللار مەكتىپى ئاچتى**

غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر سودىگەر نۇرتاي ھاجىم ئۆزى پۇل چىقىرىپ يېتىم باللار مەكتىپى ئاچقاندى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن 7 ياشلىق ئۇيغۇر قىز راملە سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ بىر دەم ساۋاقداشلىرى بىلەن چىملىق ئەتراپىدا قوغلىشىپ ئوينىسا، بىر دەم گۈللەر ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ مۆكۈشمەك ئوينايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى شوخ قۇشنى ئەسلىتەتتى. ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىسە كېرەك، ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان راملە تېخى 2 ئاينىڭ ئالدىدا تۇغقانلىرىنىڭكىدە جۇلجۇل كۆڭلەك بىلەن تۇرغانىكەن.

نۇرتاي ھاجىمنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ مەكتەپ ھازىر 60 نەپەر يېتىم بالىنىڭ يېڭى ماكانى بولۇپ قالدى. بۇ مەكتەپ 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىكەن، دەرۋازىدىن ئوقۇتۇش بىناسىغىچە تۈپتۈز يول ئېلىنغان، سېمونتلانغان بۇ يولنىڭ 2 چېتى بۆك ـ باراقسانلىقتا چۆمگەن، ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر ئارىسىدا ئوقۇتۇش بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بىنا ئالدىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ. بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە يالاڭ قەۋەتلىك ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا ئاشخانا، مۇنچا قاتارلىقلار جايلاشتۇرۇلغان.

بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىگە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ياتاق ئۆيلىرىگە گىلەم سېلىنغان، كارىۋاتلارغا يوتقان- كۆرپىلەر رەتلىك يىغىپ قويۇلغان. مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئاسىيە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «بۇ باللار مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە ناھايىتى ياۋايى مىجەز، تازىلىقى ناچار ئىدى، ھازىر، كىيىنىش، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىش، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىش جەھەتلەردە بىر ـ بىرىسىدىن ياخشى بولۇپ كەتتى» دېدى.

باللارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا 8 خىزمەتچى قويغان. بۇ باللار ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا ئېيىغا 500 كىلوگرام ئۇن، 120 كىلوگرام گۆش، 30 كىلوگرام ياغ كېتىدىكەن، غىزا تۈرلىرى مول ۋە ياخشىكەن.

شۇ جايدىكى مائارىپ تارماقلىرى بۇ مەكتەپكە 7 نەپەر ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىپتۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلگەندىن سىرت خەنزۇ تىلىمۇ ئۆتۈلىدىكەن. «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، 1 ـ ئېيىدىلا 12 ئۇيغۇرچە ھەرپ ئۆتۈلدى. ئاتا ـ ئانىسى بار باللارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ئاتا ـ ئانىسى ھەمدەم بولىدۇ. ئەمما بۇ باللارنىڭ ئۇنداق شارائىتى يوق. لېكىن بىز ئۇيغۇرلاردا ‹ بىر يېتىمنىڭ يەتتە ئاتاـ ئانىسى بار› دەيدىغان تەمسىل بار. بىز ئۇلارنىڭ يېڭى ئاتا ـ ئانىسى» دېدى ئاسىيە.



ETHNIC UNITY

بۇ مەكتەپتە ھەر دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

ئوقۇتۇش بىناسىدا 42 ياشلىق نۇرتاي ھاجىمنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ ئىشچىلارغا پارۋاي ئورناتقۇزۇۋاتقانىكەن. ئۇ خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويۇپلا بولدى قىلماي، مەكتەپنىڭ پۈتكۈل مەبلىغىنى چىقارغاندىن سىرت، مەكتەپنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىنچىل ئۆزى تۇتۇپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇ بىر يىلچە تىجارەتكە قول تىقالماپتۇ.

ئۇ مەكتەپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل سەرپ قىلىپتۇ. تۇنجى تۈركۈم قوبۇل قىلىنغان بۇ باللارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا ئۇ يەنە 2 مىليون يۈەن ئىئانە قىپتۇ. ئۇ بۇ باللارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بولغان 11 يىللىق ئوقۇش، تۇرمۇشىغا كېتىدىغان پۈتكۈل خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدىكەن. مەكتەپ يىلىغا 30 نەپەر يېتىم بالا قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جەمئىي 36 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىدىكەن.

گەرچە، بۇ پۇل نۇرتاي ھاجىمنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي قۇربىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، ئۇ: «مەكتەپنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلىدىم، ھەرقانچە كۆپ بەدەل تۆلىسەممۇ رازىمەنكى، بۇ باللارنىڭ بويىنىنى قىسىلدۇرۇپ قويمايمەن. ئۇلار مېنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەكتەپ شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگىمۇ ئېرىشىپتۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇنىڭ بۇنداق ئالىيجانابلىقىنى ماختىغان ۋە ئۇنى قوللىغان. شۇ جايدىكى مائارىپ تارماقلىرى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ مائاش تەمىناتىغا ئىگە بولۇشقا ۋەدە قىپتۇ.

نۇرتاي ھاجىم: «بۇ مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتىم، ھاياتىمنى مۇشۇ يەردىكى يېتىم باللارغا بېغىشلايمەن. يېتىملىكنىڭ دەردىنى مەنمۇ يەتكۈچە تارتقان، باي بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلقنى، ئاچ - يالىڭاچ قالغان يېتىم باللارنى ئۇنتۇپ قالمايمەن» دېدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئۇنىڭ تىجارەت بىلەن روناق تېپىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ شىركىتى ئاساسەن قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى قىلىۋېتىپتۇ.

(ئابلىمىت ئىمىن تەرجىمە قىلدى)

## ئېۋېنكى مىللىتى كۆندۈرۈلگەن بۇغا بېقىش ئارقىلىق بېيىدى

ئېۋېنكى مىللىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ ياكۇت قەبىلىسى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىكى قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، جۇڭگودا كۆندۈرۈلگەن بۇغا باقىدىغان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ. خولۇمبىر ئايمىقىنىڭ گېنخې شەھىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوۋلۇقويا ئوۋچىلىرى ئوۋلۇقويا ئېۋېنكىلىرى دەپ ئاتالغان.

80 - يىللارغا كەلگەندە، ئېۋېنكى ئوۋچىلىرىنىڭ بازار كۆز قارىشى كۈنسېرى كۈچەيدى. ئۇلار كۆندۈرۈلگەن بۇغا فېرمىسى قۇرۇپ، بۇغا مۈڭگۈزى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى «ئورمان كېمىسى» ئېۋېنكى خەلقىنىڭ بېيىشىدىكى «ئالتۇن تاۋاق» بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا باقمىچىلىق، تۆل ئېلىش ئۇسۇلىنى كىرگۈزۈپ، كۆندۈرۈلگەن بۇغىنى 500 تۇياقتىن 1000 تۇياققا يەتكۈزدى ھەمدە روسىيىدىن كۆندۈرۈلگەن بۇغا كىرگۈزۈپ، نەسلىنى ياخشىلاپ، 1996 - يىلى 800 كىلوگرامدىن ئارتۇقراق بۇغا مۈڭگۈزى ئىشلەپچىقىرىپ، 300 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى، پۈتۈن يېزىدىكى ئوۋچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 3000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

1995 - يىلىدىن باشلاپ، ئېۋېنكى ئوۋچىلىرى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئوۋچىلار يېزىسىدا ھاراق زاۋۇتى قۇردى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان «مۈڭگۈز قامچا ھارىقى» بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە ئۇلار يەنە كۆندۈرۈلگەن بۇغىدىن ياسالغان بىر يۈرۈش ساقلىقنى ساقلاش دورىسىنى ئىشلەپچىقارماقتا.

(يۈسۈپجان سۇلايمان تەرجىمە قىلدى)

(بېشى 20 - بەتتە)

ETHNIC UNITY

ئوقۇرمەندىن: مۇھتەرەم تەھرىر بارات ئاكا «ئامېرىكا ئەسرالىرى»نى ئوقۇپ چەكسىز شادلاندىم، ئالا دىيار ئەسرالىرىنىمۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلسام دەيمەن! (يېگىساردىن: ئەمەتجان)

# ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يېڭى ھاياتى

● خې تاۋ، ۋۇشۇگۇاڭ ●

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا ئورۇنچۇن، داغۇر، ئېۋېنكى قاتارلىق ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئاپتونوم خوشۇنى بار. ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان بۇ ئۈچ مىللەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن بىراقلا بىر نەچچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم باسقۇچىغا بىۋاسىتە قەدەم قويغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇلار بېيىش يولىغا مېڭىپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

## ئورۇنچۇن مىللىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى ئۈچ يۈكسىلىش

50 - يىللاردىن ئىلگىرى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئورۇنچۇن مىللىتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تاغ ئىچىدىكى قويۇق ئورمانلىقلاردا ياشاپ، ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. ئورۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنىنىڭ باشلىقى مېڭ سۇڭلىننىڭ ئېيتىشىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئورۇنچۇن مىللىتىنىڭ ھاياتىدا مۇنداق 3 قېتىملىق زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەن:

1951 - يىلى ئورۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورۇنجۇنلەر ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. دۆلەت ئۇلارنىڭ ئوۋچىلار يۇرتى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالدى؛ ئاپتونوم خوشۇن دائىرىسىدە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوۋچىلارنى ھەقسىز داۋالىنىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلدى. بۇ بىرىنچى يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. 1988 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم خوشۇن «ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا 2 - قېتىملىق يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا، ئورۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى «ئوۋچىلىقنى چەكلەش» بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئورۇنچۇن مىللىتى ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق كەسپىگە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا 3 - قېتىملىق يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## داغۇر مىللىتىنىڭ قارا تۇپراقتا ھاللىنىشى

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا داغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا بۇرۇنراق خاتىمە بېرىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ھازىر مورىنداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنىدا دېھقانچىلىق كەسپى 20 نەچچە مىڭ داغۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ قالدى، بۇنى ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئاپتونوم خوشۇننىڭ باشلىقى لىۇ يۈگېيىنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەت مورىنداۋا خوشۇنىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 2 قېتىم يېزا ئىگىلىكنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇنى دۆلەتنىڭ ئوقتىلىق تاۋار ئاشلىق قۇرۇلۇشى بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، داغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە ئۆتۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن: نۆۋەتتە، مورىنداۋا خوشۇنى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى 100 كۈچلۈك ناھىيە قاتارىغا كىرىپتۇ.

(داۋامى 19 - بەتتە)



ETHNIC UNITY

# ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنى باھالاپ چىقتى، ژۇرنىلىمىز شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى

» ئاخبارات- نەشرىيات گېزىتى»نىڭ خەۋىرى: مۇخبىرنىڭ يېقىندا ئاياغلاشقان مەملىكەتلىك ئاخبارات- نەشرىيات ئىدارىلىرى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى نۇقتىلىق يۈز خىل قەرەللىك ژۇرنالنى باھالاش خىزمىتى بىر يىل داۋام قىلىپ يېقىندا ئاخىرلاشقان ۋە 102 خىل قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىنغان.

مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بېكىتىلىشى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قەرەللىك ژۇرناللار ساھەسىدىكىلەرنىڭ نادىر ئەسەر ئېچىش، تۈجۈپىلەپ تىجارەت قىلىش ئېڭىنى ۋە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ «باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش» جەھەتتىكى تېپ يارىتىش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەرەللىك ژۇرناللار نەشرىياتچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشانى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. 1997- يىل 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاخبارات- نەشرىيات مەھكىمىسى بۇ ھەقتە ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندى، بۇ ئۇقتۇرۇش ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئاخبارات- نەشرىيات ئىدارىلىرىنىڭ ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، 10- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 209 خىل قەرەللىك ژۇرنال تەۋسىيە قىلىندى، كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 102 خىل قەرەللىك ژۇرنال تاللاپ چىقىلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىمۇ شۇ قاتاردا تاللاندى.

تاللانغان ژۇرناللار «تاللاش شەرتىدە چىڭ تۇرۇش، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش» پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلدى. ئۇنىڭ شەرتلىرى مۇنداق بولدى: 1. سىياسىي يۆنىلىشى توغرا بولغان بولۇش؛ 2. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات ئىنتىزاملىرىغا ۋە نەشرىياتچىلىق توغرىسىدىكى قانۇن- نىزاملارغا، قائىدىلەرگە نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلغان بولۇش؛ 3 مەدەنىيەت سالمىقى يۇقىرى بولغان بولۇش؛ 4. بېسىلىشى، تۈپلىنىشى كۆركەم بولغان بولۇش؛ بازاردا ئىگىلىگەن ئورنى توغرا بولغان بولۇش، تارقىلىش مىقدارى ئوخشاش تۈردىكى ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان بولۇشى كېرەك. باشقا شەرتلىرى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، «تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولۇشى» بىرلىك ئۆلچەم قىلىنىپ، ھەر خىل تۈردىكى تاللانغان قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى جەھەتتىكى نۆۋەن چېكىنىڭ كاردىنال سانى ئايرىم بەلگىلەندى.

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ليالۇ خېڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ئىش، ئاز دېگەندىمۇ مۇنداق 3 تۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچى، بۇنىڭدا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە «ئاساسىي بازىسى» ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ بېرىلدى؛ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى 102 خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئوتتۇرىچە قەرەللىك تارقىتىلىش مىقدارى 589 مىڭ 900 نۇسخا، يىللىق تارقىتىلىش مىقدارى 722 مىليون نۇسخا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى 3824 خىل قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ ئومۇمىي تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ يەنى1 مىليارد 800 مىليون نۇسخا بولغان ئومۇمىي سانىنىڭ %40 نى ئىگىلىدى، ئىككىنچى، ئۇنىڭدا نەشرىيات خادىملىرىنىڭ ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ نادىر ئەسەرلەر ئېچىش، تۈجۈپىلەپ تىجارەت قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلىپ، سانىنىڭ ئېشىشىنى ئاساس قىلىشتىن سۈپەتنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈشتەك باسقۇچ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنىڭ بولۇشى ئالغا سۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى، رىقابەت ئېڭى كۈچەيتىلدى. بۇ قېتىمقى باھالاشتىن ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قەرەللىك ژۇرناللىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچ رەت تەرتىپىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالدىنقى ئۈچىنچى ئورۇندىكى ئۆلكە- شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولدى: شاڭخەيدىن 8 خىل ژۇرنال تاللاندى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن 5 خىل ژۇرنال تاللاندى، بېيجىڭ، لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، جياڭشى، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە- شەھەرلەر ئۈچىنچى ئورۇندا تۇردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن 3 خىلدىن ژۇرنال تاللاندى. يۈز ژۇرنالنىڭ ئىسىملىكى ئۆزگىرىشچان ھالەتتە بولىدۇ، كەلگۈسىدە ئەلالىرىنى تاللاپ چىقىش، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش پرىنسىپىغا ۋە ژۇرناللارنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىگە ئاساسەن، ھەر 2 يىلدا 1 قېتىم قايتىدىن باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(4)

ETHNIC UNITY

# مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا 42 يىل ئىشلىگەن شاجيۇەن

● شياۋلىن ●

64 ياشلىق مۇدىر شا جيۇەن بۇ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئورنىدىن رەسمىي دەم ئېلىشقا چىقتى.

ئۇ 42 يىل خىزمەت قىلغان بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن ئاخىر ئايرىلدى.

شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بۇ قارارنى رەسمىي ئېلان قىلىش يۈزىسىدىن ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئەسلىدىكى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى خې لۇلى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مۇدىر شاجيۇەننىڭ خىزمەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئۇنى پايتەختنىڭ مىللىي، دىنىي خىزمەتلىرىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، دەپ ھېسابلاشتى.

**نيۇجيې مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ۋە شۇ يەردە چوڭ بولۇپ، 21 يېشىدا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا خىزمەتكە كىرگەن**

شاجيۇەن 21 يېشىدىن تارتىپ تا 63 يېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن بىرنەچچە يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان. ئۇ خىزمەت ھاياتىدا بۆلۈم خادىمى، بۆلۈم باشلىقى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باشقارما باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولۇشتەك مۇساپىلەردە ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ قەدەممۇقەدەم بېسىپ، بالداقمۇبالداق ئۆرلىگەن.

ئۇ 42 يىللىق خىزمەت ھاياتى ئارقىلىق «مەملىكەت بويىچە ئەڭ»نى يەنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكى خادىملار ئارىسىدا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇشتەك رېكورت ياراتقان.



مۇدىر شاجيۇەننى پايتەختتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشى، باراۋەر گۈللىنىشىدىكى تارىخىي گۇۋاھچىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى بۇ 42 يىلدا، بېيجىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 90 مىڭدىن 120 مىڭغا ۋە ھازىرقى 420 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئەزالىرى بار بولغان. ئۇ لى ۋېيخەن، ليۇ گېپىڭ، ياڭ جىڭرېن، ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 5 ـ نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇدىرى بولغان. ئەلۋەتتە، مۇدىر شاجيۇەن يەنە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلىرىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى 42 يىللىق خىزمەت ھاياتىدىن مۇدىر شاجيۇەن تولۇق مەمنۇن بولۇشقا ھەقلىقكى، يۇقىرىدا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى



ئىزگۈ تىلەك: دىلشات ھىندىگەر، سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى سۆز گۈيۈنلىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر.

ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرسە، تۆۋەندە پۈتۈن شەھەردىكى سان ـ ساناقسىز ھەر مىللەت دوستلار ئۇنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ شۇ قەدەر ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەككى، ئۇنىڭ دادىسى 20 ـ يىللاردا بېيجىڭدا مىللىي مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ چوڭ قىزى ئامېرىكىدا ئوقۇپ، ئىككى تۈر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان؛ كىچىك قىزى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ.

**«ئۆمرۈمدە ئەڭ چوقۇنىدىغان ئادىمىم — لى ۋېيخەن»**

يولداش لى ۋېيخەن ئاتاقلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى، مەشھۇر نەزەرىيىچىسى، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى بەجانىدىل ئىشلەيدىغان ئەجداد، پېشقەدەم رەھبەر بولۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ شانلىق ئۈلگىسى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ شاجيۈەنىڭمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئەڭ چوقۇنىدىغان ئادىمى بولغان.

«يولداش لى ۋېيخەنىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا بىر ئۆمۈر ئىسقاتىدىغان نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىم ئىدى». شاجيۈەن يولداش لى ۋېيخەننى ناھايىتى قەدىرلەيدىكەن. شۇنداقلا لى ۋېيخەنىنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغان. ئۇ ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيگەن، ئەمەلىيەتكە بەك ئەھمىيەت بەرگەن. 1957 ـ يىلىدىكى ئەڭ دىسلەپكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، ئۇ شىخەيگو ۋىلايىتىگە بارغان. ئۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى قىيىنچىلىق ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش ئارزۇسى شاجيۈەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇ ئاشۇ چاغدىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا، ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىنىڭ باي بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى بېغىشلاشتەك يۈكسەك ئىرادىنى تىكلىگەن.

شاجيۈەن ئۆزىنىڭ بۇ يۈكسەك ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا پۈككەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن توپتوغرا 42 يىللىق ۋاقتىنى سەرپ قىلغان.

يولداش لى ۋېيخەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر يۈرۈش مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت، نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەنگە ئوخشاش شاجيۈەنمۇ 42 يىللىق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بېيجىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن قايىل قىلارلىق سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. شاجيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى سېپىدىكى كونا مېھنەتكەش بولۇش سۈپىتى بىلەن لى ۋېيخەن قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي ئىلھامى ۋە ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىدە، ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

**«باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش» ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمىتىنىڭ مەركىزى بولغان**

«باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش» پايتەخت ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا مۇدىر شاجيۈەنىنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمىتىنىڭ مەركىزى بولغان.

«مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن دائىم ئۇچراشتىم ۋە ئۇلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلدىم. شەھەردىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇ خىزمەتنى 3 ئەۋلاد ئۈچۈن ئىشلىدىم.»

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇدىر شاجيۈەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئادىمىي تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەمئەتلەردە ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىمۇ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بىرىشكە ئەھمىيەت



ئوقۇرمەنلەردىن: كەڭ ئاپتورلارغا ئازادە ئىجادىيەت سورۇنى ھازىرلاپ بەرگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا ئالىي ئېھتىرام! (ئەھمەتجان)

بەرگەچكە، پۈتۈن شەھەردىكى ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىدا چاقىرىقتا ئاۋاز قوشۇش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ تەبىئىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. مۇدىر شاۋجىيۇەننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۆرگىلىمۇ، تۇتقىلىمۇ بولىدىغان ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش كېرەك.»

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «پايتەخت ئېگى»نى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى سىرت جايلاردىن بېيجىڭغا كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، چېگرا بويلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت «تۆتكە مۇلازىمەت قىلىش»نى تەستىقلىغان، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بۇ «تۆتكە مۇلازىمەت قىلىش»نى چۆرىدەپ، مۇقىم بولغان چوڭ ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان فاڭجېنغا يېقىندىن ئەمەل قىلىپ، مۇقىملىق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، بىر قولدا ئىتتىپاقلىق ـ مۇقىملىقنى، يەنە بىر قولدا گۈللىنىش ـ تەرەققىياتنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پايتەختنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ۋە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

مۇدىر شاجيۇەن ئۆزىنىڭ نەچچە 10 يىللىق خىزمىتىنى ئەسلەپ خۇلاسىلىگەندە تەسىراتى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى «بېيجىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىتتىپاقلىق ـ مۇقىملىقنى چوقۇم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بېيجىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىشىدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى تىرىشچانلىق ۋە ئالغا بۆسۈشتىن ئايرىلىشقا بولمايدىكەن. بىرىنچى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە كۈچەيتىلدى، شەكلى كۆپ خىللاشتى، مەزمۇنى جانلاندى. «مىللىي ئىتتىپاقلىق» بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلدى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان زور قوشۇن بارلىققا كەلتۈرۈلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك قورۇ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى. ئۈچىنچى، مىللىي ئاڭ، مىللىي ھېسسىياتنىڭ ساغلام مەزمۇنغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىندى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانداق مەسىلە بولسا شۇنداق مەسىلە دەپ قاراش، مىللىي مەسىلە بولمىغان ئىكەن، ئۇنى زورمۇ زور مىللىي مەسىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالماسلىق، كىمنىڭ مەسىلىسى بولسا شۇنىڭ مەسىلىسى دەپ قاراش، شەخسىي ماجىرانى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دەپ قارىماسلىق، قەيەرنىڭ مەسىلىسى بولسا، شۇ يەر بىر تەرەپ قىلىش، يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى بىخ ھالىتىدە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىكەن. تۆتىنچى، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ مۇقىملىق ئىشلىرىنى ئوخشاشلا ئورۇنغا قويۇپ چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇش كېرەك ئىكەن.

مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالغاندا، شاجيۇەن ناھايىتى ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلىدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش قاتارلىق كۆپلىگەن ئۈزۈن مۇددەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مىللىي يېزا ۋە مىللىي كەنتلىرى 7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نامراتلارنى يۆلەشتىن 8 ـ بەش يىللىق

پىلان مەزگىلىدىكى تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ، ئاندىن يەنە 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۇچقاندەك يۈكسىلىپ، قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىدا 100 مىليون يۈەنلىك 3 مىللىي يېزا ۋە 100 مىليون يۈەنلىك 8 ئاز سانلىق مىللەتلەر كەنتى بارلىققا كەلگەن. بېيجىڭنىڭ شەھەر مىللىي ئىقتىسادىي خىزمىتى تېخىمۇ يېڭىدىن باشلىنىپ ئاجايىپ كارامىتىنى نامايان قىلغان.

مۇدىر شاجيۈەن بېيجىڭنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى 3 باسقۇچقا ئايرىغان.

1981 ـ يىلى بېيجىڭدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بېيجىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «غىزالىنىشى تەس بولۇش»، «ياتاقتا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بويىچە 3 ـ كەسىپنى پاتال يولغا قويۇپ، ۋاڭفۇجىڭ مۇسۇلمانلار 1 ـ رېستورانى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مېھمانخانىسى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، ئاشۇ كىچىك كەسىپىي گەۋدىلەر ئارقىلىق چوڭ ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئاساس سالغان. شىركەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئىش باشلىغاندىكى مەبلىغى 1000 يۈەن بولغان. بۇ ھەقتە، مۇدىر شاجيۈەن شۇ قەدەر ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتىكى، ئاشۇلار جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئىگىلىك تىكلەش بولۇپ، يېڭىدىن ئىش باشلاشنىڭ تۇنجى باسقۇچى ئىكەن. ۋاڭفۇجىڭ مۇسۇلمانلار سودا سارىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قارمىقىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر زور تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، زورىيىپ تەرەققىي قىلىش بولغان 2 ـ باسقۇچ ئىكەن.

1992 ـ يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىكى سۆزىدىن كېيىن، ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى، يۈگىخېڭۋاڭ ساياھەت مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا باشلىغان. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن خېلى كەڭ دائىرىدە سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 1993 ـ يىللىق جۇڭگو بېيجىڭ خەلقئارا مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىي سودا كېڭىشىش يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولىغا مېڭىپ، كۆلەملىك تىجارەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت 3 ـ باسقۇچ ئىكەن. «ئەمدىلىكتە ئالتۇن دەۋرگە كەلدۇق» دېدى مۇدىر شاجيۈەن خۇشال بولغان ھالدا.

شەھەر مىللىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورىيىشى بېيجىڭنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن نەچچە مىليون يۈەنلىك مەبلەغ توپلاپ بەرگەن؛ 10 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ سېلىنغان «مىللەتلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى» ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىكەن...

مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مۇدىر شاۋجيۈەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن خىزمەتلەرنىڭ بىرى، شۇڭلاشقىلا يۈرەك قېنىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلغان ئىش ئىكەن. دادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇ مىللىي مائارىپقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان. ھازىر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپ جەھەتتىكى مول نەتىجىلىرى كىشىنى پايتەختنىڭ مىللىي مائارىپىغا ھەۋەس بىلەن قاراشقا ئۈندەيدۇ. يېقىندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر باللىرى 4000 دىن ئاشىدىكەن، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 15 مىڭدىن ئاشىدىكەن، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 4000 دىن ئاشىدىكەن، ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 8000 دىن ئاشىدىكەن. ھازىر بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئوقۇشقا كىرىش ئالدىدىكى تەربىيىلەش مائارىپى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئالىي مەكتەپ مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن مىللىي مائارىپ تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

بېيجىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىي يوسۇندا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۈپتۇ. بۇ بەلكىم مۇدىر شا جيۈەنگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب

ETHNIC UNITY

قىزغىن تىلەك: كىرپە ناھىيىسىدىن مۇھەممەت تۇرسۇن ئابلىمىت، پاتەمخان، ئابدۇۋەلىلەر ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا تەشەككۈر.

بولسا كېرەك.

**«ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشتە قاتتىق ماھارەت بولۇشى كېرەك»**

«مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ياخشى مۇدىرى بولغۇچى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى مەسلىھەتچىسى بولۇپ، غەمخورلۇق ۋە قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك؛ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ بارىدىغان ئاممۋى مۇناسىۋەتچى بولۇپ، ياردەمگە ئېرىشىشى كېرەك؛ ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدىغان مۇلازىم بولۇپ، ئۇيۇشۇش جەڭگىۋارلىقىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك؛ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جان دوست سىردىشى بولۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي دوست تۇتۇشى كېرەك.»

نەچچە 10 يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا، مۇدىر شاجيۇمەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىسىنى ھاسىل قىلغان. مۇدىر شاجيۇمەن ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى ئۆرلەپ، بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالغان. شەھەردىن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگەنكى، ئادەم كېرەك بولسا ئادەم ئاجرىتىپ بەرگەن، پۇل كېرەك بولسا پۇل بەرگەن. ھەر يىلى شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىنغاندا ئۇبدان ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقتىن، ھەل قىلىنغان مەبلەغمۇ 10 مىليون يۈەنگە يەتكەن. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شەھەر بويىچە چوڭ تەدبىر بەلگىلەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ تۇرالىغان. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە شەھەر باشلىقى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونمۇ ھەر ھەپتىسى ئۈزۈلمىگەن...

مۇدىر شياجيۇمەن ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى تەسىراتىنى تىرىشچان بولۇش كېرەك ئىكەن، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش لازىم ئىكەن، دېگەن پىكىرگە جەملىگەن. ئۇ: «مېنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە بىلمەسلىكتىن بىر قەدەر بىلىشكە، ھېسسىيات جەھەتتىن چوڭقۇر بولماسلىقتىن چوڭقۇر بولۇشقا ئۆتۈشتە تايانغىنىم بىرقانچە 10 يىللىق ئىزدىنىشىم بولدى» دېدى.

1996 ـ يىلى ئۆكتەبىردە خىزمەتتىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇدىر شاجيۇمەننى زىيارەت قىلغانىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ھازىر مەن 63 ياشقا كىرىپ قالدىم، ئەمما خىزمەت ئورنۇمدىن چېكىنمىدىم، شۇنداقتىمۇ ئورنۇمنى ساقلاپ، مۆگدەپمۇ ئولتۇرمايمەن. خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن يەنە تېخى زېھنىي قۇۋۋىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەھەر ئىقتىدارىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت تارىخىي تېما ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن».

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مۇدىر شاجيۇمەننىڭ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر مۇنچە ئىشلار بار ئىكەن.

ئاخىرىدا مەن مۇدىر شا جيۇمەننىڭ چوڭقۇر مەنىلىك مۇنداق بىر ئابزاس سۆزىنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەتكۈزۈپ قويماقچى: «مەن ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەمما ئالدى بىلەن كومپارتىيە ئەزاسى ھېسابلىنىمەن، دۆلەت خادىمى. مېنىڭ مۇھەببىتىم ئالدى بىلەن پارتىيىۋىلىكتىن ئىبارەت، شۇنداقلا خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەت. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى. مىللەتنى ھەر كىم ئۆزى تاللىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما مەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا پارتىيە ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت ئومۇمىيەت مەيدانىدا تۇرۇشۇم كېرەك».



(خەمىت نىغمەت، ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)



ئىزگۈ تىلەك: كورلىدىن ئابلىمىت ئاقيولى، لەركىنجان، پەخرىدىن مۇسا، باھاۋۇدۇن ھەسەن ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرىگە تەشەككۇر.

# ۋازۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

● خەمىت نىغمەت ●

ۋازۇلار ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى شىمېڭ ۋازۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، ساڭيۈەن ۋازۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە بۇ ئاپتونوم ناھىيىلەرگە قوشنا بولغان گېڭما، مېڭلىيەن، لەنساڭ، شۇاڭجياڭ، جېنكاڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە دېخوڭ جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارقالغان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 351 مىڭ 974 (90 - يىلىدىكى سان). ۋازۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ۋازۇلاردىن باشقا خەنزۇ، يىزۇ، دەيزۇ، خانى، لاخۇ، بۇلاڭ، جىڭپو، بېڭلۇڭ، لىسۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ياشايدۇ. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە، بۇ رايونلار لەنساڭجياڭ دەرياسى بىلەن نۇجياڭ دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتر ئېگىز. يەرلىك كىشىلەر ئادەتتە بۇ جايلارنى «ئاۋا» تاغلىق رايونى دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن.

ئاۋا تاغلىق رايونىنىڭ مەدەن بايلىقلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، كۆمۈر، تۆمۈر، قەلەي، ئاليۇمىن قاتارلىقلار چىقىدۇ. بولۇپمۇ كۈمۈشنىڭ زاپاس مىقدارى ئەڭ كۆپ، سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئورمان بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ، ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار كۆپ. قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلەر ھەممىلا جايدا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېرى مۇنبەت، ئىقلىمى مۆتىدىل، ھۆل - يېغىنى كۆپ، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن شال، قوناق، ئارپا، ياڭيۇ، پاختا، كەندىر، شېكەر قومۇشى قاتارلىقلار تېرىلىدۇ ۋە بانان، بولو، ئەنبەھ، كۈلى بېھىسى قاتارلىق سوبتروپىك بەلباغ مېۋىلىرى چىقىدۇ.

ۋازۇ تىلى ئاۋستراليە - ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى بېنگال- كىخمېر تىللىرى ئائىلىسى ۋازۇ - بېڭلۇڭ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېزىقى يوق. ۋازۇلار ئادەتتە 3 خىل دىئالېكتتا سۆزلىشىدۇ. ۋازۇتىلى تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە بېڭلۇڭ تىلى ۋە بۇلاڭ تىلى بىلەن خېلى زور ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى جەھەتتىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ۋازۇلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەشئەل بايرىمى ۋازۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى بولۇپ، ئادەتتە ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ياكى 25 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كۈنى دۇمباق ساداسى ياڭرىغان ھامان ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن مەشئەل يېقىپ ئۆزلىرى تەييارلىغان هاراق ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ بىر سورۇندا گۈلخان يېقىپ، مەي ئىچكەچ بايرام تەنتەنىسى قىلىشىدۇ. يوغان - يوغان بامبۇك سوغىلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، سوغا ئىچىگە ئىنچىكە نەيچە سېلىپ قويۇپ نۆۋەت بىلەن مەي سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆم- ئىتتىپاق، شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

ۋازۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، ئادەتتە ئەرلەر بېشىغا قىزىل رەخت يۆگىۋېلىپ، ئۇنى قىرغاۋۇل پەيلىرى ۋە ھەر خىل ئۆسۈملۈك - زىرائەت تاللىرى بىلەن بېزەيدۇ. قۇلىقىنى تەشكەندىن كېيىن قىزىل، قارا يىپلاردىن چۇچا ئېسىۋالىدۇ، بوينىغا بامبۇكتىن ياسالغان ئىنچىكە چەمبەر ياكى سىرلانغان گۈللۈك چەمبەرلەرنى ئېسىۋالىدۇ. ئەرلەر ئومۇمەن بەدىنىگە گۈل چېكىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بويىچە بايلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىشىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا يانلىرىغا پىچاق ئېسىپ يۈرىدۇ. ۋازۇ ئاياللىرى تار يوپكا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يوپكا رەڭگى ئادەتتە قارا، قىزىل، يېشىل رەڭلەردىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئادەتتە كىيگەندە تۆپە قىسمىنى بەلگە ئۇدۇللاپ يۆگەپ ئاندىن بەلباغ باغلايدۇ. يەنە بەزىلىرى 5 چىدىن ئاشىدىغان بىر ئەنلىك يوپكا رەختىنى بەلگە ئوراپ، ئۇنىڭ ئاخىرلاشقان قىسمىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالىدۇ.

# شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى سېلىشتۇرمىسى

● دەي شياۋمىڭ ●

1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو هۆكۈمىتى شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۇڭۇشلۇق هالدا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئېلىمىزنىڭ مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مەركەز بىلەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت يېڭى تىپتىكى يەنە بىر خىل مۇناسىۋەت بارلىققا كەلدى. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن: «شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيە هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان يەرلىك مەمۇرىي رايونىدۇر. ئۇ مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتىگە بىۋاستە قارايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو تېررىتورىيىسى ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندىن ئىبارەت 2 خىل يەرلىك ئاپتونومىيە بار بولدى. ئاپتونومىيە هوقۇقى بولسا يەرلىك هۆكۈمەت ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك مەمۇرىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشتىكى مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ يەرلىك ئاپتونومىيىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، شۇنداقلا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا «بىر دۆلەتتە 2 خىل تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش» ۋە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ ئىپادىسىدۇر. ئاپتونومىيە هوقۇقى بولمايدىكەن، ھەقىقىي يەرلىك ئاپتونومىيىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ 2 خىل ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى قانداق؟

**شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى**

ئېگىزلىك قانۇنىدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى ۋە ئالاھىدە رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاپتونومىيە هوقۇقلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، كونكرېت مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىدە ئالىدۇ: مەمۇرىي باشقۇرۇش هوقۇقى، قانۇن چىقىرىش هوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە هوقۇقى ۋە ئاخىرقى هۆكۈم چىقىرىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ ئالاھىدە



ETHNIC UNITY

ئولۇغ مەندىن: مۇھتەرەم لىدىرىس باراك ئاكا «ئامېرىكا تەسىراتلىرى»نى ئوقۇپ چەكسىز شادلاندىم، ئانا دىيار تەسىراتلىرىڭىزنىمۇ زوقلانسام دەيمەن! (يېگسارىدىن: ئەمەتجان)

مەمۇرىي رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە قانۇن چىقىرىش ئورگىنى يەرلىك ئاھالىلەردىن تەشكىل قىلىنىدۇ؛ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مالىيە جەھەتتىكى مۇستەقىللىكنى ساقلاپ قالىدۇ، بارلىق مالىيە كىرىمى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇلماي، ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندىن باج ئالمايدۇ؛ شياڭگاڭ پۇلى داۋاملىق تارقىتىلىدۇ ۋە ئوبوروت قىلىنىدۇ؛ مالىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەرنى ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا بەلگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. نېگىزلىك قانۇندا يەنە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئۆزى باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىمۇ بەلگىلەنگەن.

**مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى**

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇنداق ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى بار: ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، پەرمان ۋە يوليورۇقلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشتىن توختىتىش ھوقۇقى؛ ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ يەرلىك مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ ئۆز جايىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلەش ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ شۇنىڭدەك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋەھاكازالار.

**2 خىل ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى سېلىشتۇرمىسى**

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ 2 خىل ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ھەر ئىككىسى ئادەتتىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئوخشىمايدۇ، ھەر ئىككىسى ئۆز جايىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. ئەلۋەتتە، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ھەرقاندىقى دۆلەت بەرگەن ھوقۇقنى مەنبە قىلىدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يەرلىك مەمۇرىي رايونى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇنىي ئورنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ بىر. تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. ھوقۇق دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئاساس قىلىدۇ، بىر خىللا تۈزۈمدىكى دۆلەتتە، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتكۈل خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتكە ۋەكالىتەن يۈرگۈزىدۇ. يەرلىك مەمۇرىي رايونلار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركەز ھوقۇقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھوقۇق بېرىش بىلەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىز بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: ئىلىم ئېلىشنى كەسىپ قىل، بولمىسا دۇنيانىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. — ئەلشىر ناۋائى

بولماستىن، بەلكى مەركەزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھوقۇقى ئاساسىدا بولغان بولىدۇ، بۇ ئاساسىي قانۇن، نىگىزلىك قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماددىلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ۋەھالەنكى، ئۇلار ئوخشاشلا يەرلىك ئاپتونومىيە بولسىمۇ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا «بىر دۆلەتتە 2 خىل تۈزۈم بولۇش» يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بەھرىمەن بولىدىغان يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ۋە باشقا مەمۇرىي رايونلاردا يولمايدۇ. نىگىزلىك قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، مەركەزنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا ئالاقىدار بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ 2. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ 3. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقىنى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ 4. قانۇن كېڭىشىنىڭ مەمۇرىي رايون ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن قىلغان ئەيىبلىشىنىڭ كۈچكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ؛ 5. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتۈشىنى قارار قىلىدۇ؛ 6. قانۇن كېڭىشى تۈزگەن قانۇنلارنىڭ نىگىزلىك قانۇننىڭ مەركەز باشقۇرۇشىدا بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى ۋە مەركەز بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ماددىلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى ئۈستىدە نازارەت قىلىشنى يولغا قويىدۇ؛ 7. نىگىزلىك قانۇننى ئىزاھلاپ بېرىدۇ؛ 8. نىگىزلىك قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ. بۇلاردىن باشقا بارلىق ھوقۇقلارنى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون كەڭ تۈردىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئالاھىدە رايون ئاپتونومىيىسى دائىرىسىدىكىلا ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ۋە بۇ ھەقتە قانۇن چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە قانۇن چىقىرىشتا نىگىزلىك قانۇننى ئاساس قىلىشى ۋە نىگىزلىك قانۇن بىلەن ئۆزئارا زىت كەلمەسلىكى كېرەك، دېگەنلا چەكلىمىسى بار؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى تۈزگەن قانۇنلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ قويۇلۇشى كېرەك، نىگىزلىك قانۇننىڭ ماددىلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارىسا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شۇ ئالاقىدار قانۇننى قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزمەيدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقىلىق قايتۇرۇلغان قانۇن دەرھال كۈچتىن قالغان بولىدۇ؛ بۇ قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى باشقا قانۇنلارغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ دۆلەتلىك قانۇنلار، ئومۇمەن ئالغاندا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلمايدۇ؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى يالغۇز سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇستەقىل سوت قىلىشىنى ۋە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئارىلىشىشقا ئۇچرىماسلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ بارلىقىنى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ئۆز ئالدىغا سىستېما ئىكەنلىكىنى، ئىچكى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى بىلەن تەشكىلىي جەھەتتە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولمايدىغانلىقىنى، ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنىمۇ ئالاھىدە رايونلۇق ئاخىرقى سوت مەھكىمىسى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋەھالەنكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بەھرىمەن بولىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلەتلىك قانۇنلارغا ئەمەل قىلىشى شەرت، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇشماسلىقى كېرەك. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلۇقىدىكى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك

ETHNIC UNITY

سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلەت تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ خاراكتېرىنى يەنى يەرلىك ئاپتونومىيىنى بەلگىلىگەن، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە پارتىيىنىڭ فاكچىن، سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىدىغان ئاپتونومىيە بولۇپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 19 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلىمە بار: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ». مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، «ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلماسلىق» شەرتى ئاستىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق (6 - ماددىغا قاراڭ)؛ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، پەرمان ۋە يولىيورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن» ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن (20 - ماددىسىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇستەقىل ئەدلىيە تۈزۈمى بولمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىشقا بولمايدۇ. ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى مەركەزدە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىچكى جايلاردىكى باشقا مەمۇرىي رايونلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى ياكى ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار ئىچىدە «ئالاھىدە» بولۇشى، ئۇنىڭ «بىر دۆلەتتە 2 خىل تۈزۈم بولۇش» نى يولغا قويغانلىقىدا ھەم بۇ ئاساستا باشقا يەرلىك مەمۇرىي رايونلاردا بولمىغان يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن بەھرىمەن بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. پۇل تارقىتىش ھوقۇقى، مۇستەقىل مالىيە ھوقۇقى ۋە مۇستەقىل باج يىغىش ھوقۇقى، ئەدلىيە - ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەتتا فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەزا دۆلەتلىرى ياكى شتاتلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن. ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، ئامېرىكا تىپىك فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت، ھەرقايسى شتاتلارنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بەھرىمەن بولغىنىغا ئوخشاش مۇستەقىل ئىقتىساد - سودا ۋە چېگرا بېجى سىياسىتىنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش، پۇل تارقىتىش، مالىيىدە مۇستەقىل بولۇش، تاموژنىدا مۇستەقىل بولۇش شۇنىڭدەك چېگرىدىن كىرىپ - چىققانلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق ھوقۇقلىرى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

(خەمىت نىغمەت تەرجىمە قىلدى)

# مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى

● مەخسۇت ھېيت ●

ئەنئەنە — كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل.

بايرام — مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى ئادەت بولۇپ قالغان خاتىرە كۈن.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ زېمىنىدا 56 مىللەت ياشايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت، قول ھۈنەر تېخنىكىسى، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى بايراملارنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن، ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرغان ئاساستا ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ كەلگەن.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل، قويۇق مىللىي تۈسى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنى ساغلام، تەسىر دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭراق بولغان ئەنئەنىۋى بايراملار تۆۋەندىكىچە:

**باھار بايرىمى:** دۇنيادىكى جۇملىدىن ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەردە دېگۇدەك يېڭى يىل ئۇقۇمى ۋە يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئادىتى شەكىللەنگەن. باھار بايرىمى — دېھقانلار كالېندارى بويىچە «يېڭى يىل بايرىمى» بولۇپ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدىكى ئەتىياز مەۋسۇمىنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ باھار بايرىمى — مىلادىيە كالېندارى بويىچە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بولۇپ، بۇ بايرامنى ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەت خەلقى تەبرىكلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا خەنزۇلارنىڭ يېڭى يىل (چاغان) بايرىمى بولۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە، بۇ بايرامنى 1 ملياردتىن ئارتۇقراق نوپۇسقا ئىگە خەنزۇ خەلقى قىزغىن ۋە تەنتەنىلىك ھالدا تەبرىكلەيدۇ. بۇ بايرام دۇنيا بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام بولۇپ، ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىرلىكتە تەبرىكلەيدۇ. مەسىلەن: نۇزۇ، بەيزۇ، جۇاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، داغۇر، تۇجيا قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ «باھار بايرىمى»نى ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بايرام كۈنى خەنزۇلارنىڭ چاغان بايرىمىغا توغرا كېلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى مۇقىم بولمايدۇ. خەنزۇلارنىڭ باھار بايرىمى مىلادى كالېندارى بويىچە 1 - ، 2 - ئاي ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن سۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزى مىللەتلەرنىڭ بايرام ۋاقتى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: نۇزۇلار دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى مەلۇم كۈننى بايرام كۈنى قىلىپ تاللايدۇ. موڭغۇللارنىڭ باھار بايرىمى خەنزۇلارنىڭ چاغان كۈنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما موڭغۇللار بايرام كۈنى سۈت، قېتىق قاتارلىق ئاق رەڭلىك ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ بايرامنى «ئاق بايرام» دەپمۇ ئاتايدۇ. جۇاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ، مياۋزۇ، لىزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، شىبە، داغۇر، ئۇلۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەر بايرام ھارپىسى ۋە بايرام كۈنلىرى جۇۋاۋا تۈگۈپ



ETHNIC UNITY

يەيدۇ.

ئۇلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بايرام كېلىش ھارپىسىدا ھويلا- ئارام تاملىرىنى، ئۆي ئىچىنى ئاقارتىدۇ، سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ، بايراملىق يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. بايرام كۈنى ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەر، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر، خىزمەتداش- ساۋاقداشلار ئۆزئارا پەتىلىشىپ، بايرامنى قىزغىن تەبرىكلىشىدۇ، چوڭ قورۇ ۋە مەيدانلارغا يىغىلىشىپ، داقا - دۇمباق، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. بەزى مىللەتلەر ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، دارۋازلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. موڭغۇللار بايرام كۈنى گۆش پىشۇرۇپ، لېگەن، تاۋاقلارغا سېلىپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، سۈتلۈك چاي ئىچىدۇ، مويسىپىت - ئاقساقاللارغا «بايراملىق شاراب» تۇتۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. بەيزۇلار بايرام كۈنى مال سويۇپ، ئاماللەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ، ھەممە ئائىلىدىكىلەر «تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىك بولۇشى»نى تىلەپ شەربەت سۈيى ئىچىشىدۇ، بەزى ئائىلىدىكىلەر ئاسار ئەتىقە بۇيۇملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ، پانۇس ۋە شىر ئويۇنلىرىنى كۆرىدۇ.

جۇاڭزۇلارنىڭ باھار بايرىمى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە بولىدۇ. ھارپا كۈنى ئىشكلىرىگە «بايراملىق بېغىشلىما» چاپلايدۇ، پوجاڭزا ئاتىدۇ، پىچىنە - پىرەنىك، تاڭزۇڭزا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ھارپا كۈنىدىن ئىلگىرى كېلىپ جەم بولۇشىدۇ. ھارپا كۈنى ھەممە ئائىلىلەر توخۇ، غاز ۋە مال سويۇپ، ھەر خىل تائاملارنى تەييارلاپ «جەم بولۇش تامىقى» يەيدۇ، تاماقتىن ئاۋۋال ئەرلەر ھاراق ئىچىپ بايرامنى تەبرىكلەيدۇ، ئاندىن باشقىلار تاماق يېيىشىدۇ. تاماق كۆپرەك تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئاشۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى يەپ «تۇرمۇشنىڭ باياشات بولۇشى»نى تىلەيدۇ.

**نورۇز بايرىمى:** (نەۋرۇز — پارسچە سۆز بولۇپ، «يېڭى كۈن»، «باش باھار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) نورۇز شەمسىيە كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى بولۇپ، مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3- ئاينىڭ 21 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ بايرامنى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ۋە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر نورۇز كۈنىنى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش، باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ باشلانغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك بايرام قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ.

نورۇز بايرىمىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇندىن 2000 — 3000 يىللار بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەمشىت دەۋرىدىلا رەسمىي بايرام قىلىپ بېكىتىلگەن. شۇندىن تارتىپ بۇ بايرام ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ۋە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول، تەربىيىۋى تەسىرى كۈچلۈك، دائىرىسى كەڭ، داغدۇغىسى چوڭ- كاتتا ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى بايرىمى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

نورۇز بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ھەممە كىشى ھويلا- ئارام، ئۆي - جايلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ، ئاقارتىدۇ، بايراملىق يېڭى كىيىملەر ۋە ھەر خىل نورۇزلۇق تائاملارنى تەييارلايدۇ. بايرام كۈنى ئۆزئارا ھېيتلاپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ. جامائەت توپلىشىپ ئاتا - بوۋىلىرى، مەشھۇر زاتلار، ئۇلۇغلار مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر سورۇنغا يىغىلىپ داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدۇ: ئالىم، ئۆلىما، شائىر، قوشاقچى ھەم تالىپلار ئۆزلىرى يازغان «نورۇزنامە»لىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، بەزىلىرى ئاھاڭغا سېلىپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، شېئىر مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزىدۇ، ئەلنەغمىلىرىنى ئويۇشتۇرىدۇ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. تۇلپار ئۇسسۇلى، سالما تاشلاش ئۇسسۇلى، يولۋاس ئويۇنى، قار بوۋاي ئويۇنى، كۆسەن ئۇسسۇلى قاتارلىق ئويۇنلار كۆرسىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئىلەڭگۈچتە ئۈچۈش، دارۋازلىق ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆز يۇرتى ئوپالدىكى چاغدا ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدا ئۆز تالىپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى «چەشمە بۇلاق» بويىغا كېلىپ، ئۆزئارا نورۇزلۇق غەزەل - بېيتلارنى ئوقۇشۇپ بايرام سەيلىسى قىلىشقان ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇلاق «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتالغان ئىكەن. كېيىنچە «نورۇز بۇلاق»نىڭ داڭقى ئەتراپقا تارقالغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ئۆلىما ۋە تالىپلار بۇ بۇلاقنى «بىلىم بۇلىقى» دەپ ئۇلۇغلاپ، ھەر يىلى نورۇز بايرىمى كۈنى بۇ يەرگە توپلىشىپ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزىدىغان بولغان.

نورۇز بايرىمى ئەجدادلاردىن قالغان ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەشنى كۈچەيتىشتە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ماتېرىيال ئاساسىدا تەييارلانغان)

ETHNIC UNITY

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلى

# مۇشتەرىلەرنىڭ سىرداش

# دوستىغا ئايلانماقتا!

—— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق مەركىسگە بېغىشلايمەن

● ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي ●

ھازىرقى رىقابەت ۋە ئۇچقۇر دەۋرىدە ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللار بەس ـ بەستە كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كەلدى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلى يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ئىكەنلىكىنى بىر قاتار نادىر ماقالە ـ ئەسەرلەرنى مۇشتەرىلەرنىڭ تەشنا قەلبىگە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنتايىن يارقىن ھالەتتە جانلىق نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ئوقۇرمەنلەرگىمۇ مەلۇمكى، بۇ ئۇنىۋېرسال ژۇرنالنىڭ ھازىرقى سەھىپىلىرى ھەقىقەتەن كۆپ، سەرخىل ۋە ئىنتايىن رەڭدار، مۇشتەرىلەرگە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم بېرىدىغان، جۈملىدىن ئوبدان ئەسقاتىدىغان سەھىپىلەردۇر. مەسىلەن ئالايلى: «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات»، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»، «مىللەت ۋە قانۇن»، «مىللەتلەر مۇنبىرى»، «تۆھپىكارلار»، «جاھانغا نەزەر»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «گۈلدەستە» قاتارلىق 20 نەچچە پارلاق سەھىپىلەرگە خېلى كۆپ ھەجىمدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر ئۆز رەت ـ تەرتىپى، ژانىرى بويىچە ناھايىتى مۇكەممەل، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى، كۆركەملىكى، رەڭدارلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان بولسا، ئىدىيىۋىلىكى ۋە قارىتىملىقى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرى زور بولغان نادىر ماقالە ـ ئەسەرلىرى ئارقىلىق نەچچە مىڭلىغان ئوقۇرمەنلىرىنى چەكسىز زوقلاندۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، مۇئەييەن پەننىي بىلىم، قانۇن ساۋات ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئىگە قىلىش، كۆڭۈل مايىللىقىنى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ يېتەكچىلىك، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنالنىڭ نوپۇزى، ئىناۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ، ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىغا ئايلىنىپ، سان ھەم سۈپەت جەھەتتە يىلدىن ـ يىلغا تېز ئۆرلەپ ھازىرقى تىراژى 90 مىڭغا يېتىشتەك كارامەت نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا رايونىمىز تەۋەسىدە تىراژى كۆپ، نوپۇزى چوڭ، ئىناۋىتى يۇقىرى بىردىنبىر قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ قالدى. شۇنى ئىزھار قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ژۇرنال ئىزچىل ھالدا ئوقۇرمەنلەرگە مۇئەييەن نەپ بېرىدىغان مول ھوسۇللۇق ژۇرناللىقىنى ساقلاپ كەلدى. مۇھەررىرلەرمۇ گۈزۈمۋازلىق، يۈرتۋازلىق قاتارلىق ناچار خاھىشلارنى سادىر قىلماي، ئادىللىق ۋە پاكلىق بىلەن ئىشلىگەچكە، ئۇشبۇ ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئىناۋىتى ۋە يارقىن ئوبرازى ھەرگىز خۇنۇكلەشمىدى ...

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك يادىمدا، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. مەن ۋە يەنە بىر قەلەمدىشىم ئىككىمىز قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، «قەشقەر گېزىتى»ئىدارىسى، يەكەن ناھىيىلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ۋە «يەكەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ يەكەن ناھىيىسىدە ئاچقان ئاخباراتچىلىق ـ كاتىباتلىق كۇرسىغا يېڭىسارىدىن ئوقۇشقا بارغانىدۇق. بۇ كۇرسقا يەنە پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن ناھىيىلىرىدىكى ئاخبارات يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 40 نەچچە كىشىمۇ قاتناشقانىدى. بىز بۇ كۇرستا 10 كۈندەك نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئوقۇپ، كۇرس ئاخىرىدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەچى يېزىسىغا ئېكسكۇرسىيىگە چىقتۇق. بىز ئۇ يەردە ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئىدرىس بارات ئاكا بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. ئۇ بىزگە ژۇرنالنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ: «ھازىر خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن نامىغا قاراپلا نوقۇل ھالدا: بۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرنال ئوخشايدۇ دەپ قاراپ مۇشتەرى بولۇشقا تازا قىزىقمايۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىز ھەر خىل جانلىق سەھىپىلەرنى ئېچىپ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. ئۇنىڭدا ھەر خىل ژانىردىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرگە مۇۋاپىق ئورۇن ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئادەمگە (ئاپتورغا) قارىماي، ئەسىرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىمىز. ئېلان قىلىنغان ماقالە ـ ئەسەرلەرگە خېلى يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىپ كېلىۋاتىمىز. سىلەرمۇ ياخشى ماقالە ـ

ETHNIC UNITY

ئەسەرلىرىگىلارنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرارسىلەر ...» دېگەنىدى. ھەش - پەش دېگۈچە 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ژۇرنالدا كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر، ياخشى ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ مۇشتەرىلەرنىڭ دىل تارىنى چەكتى، ئوقۇرمەنلەرنى چەكسىز زوقلاندۇردى؛ كۆچلۈك تەربىيىگە، چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە قىلدى. شېئىر ۋە بىر بۆلۈك نادىر ئەسەرلەر بۇ ژۇرنالنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ژۇرنالنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ۋە نوپۇزىنى تېخىمۇ زورايتتى.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ژۇرنالنىڭ «گۈلدەستە» سەھىپىسىدىكى تاللانغان، سەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرگە ئاجايىپ بەدىئىي زوق بەخش ئەتسە، «مىللىتىم ھەققىدە پارالّ»، «مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات» دېگەن سەھىپىلىرىگە بېرىلگەن چوڭقۇر مەزمۇندىكى پەلسەپىۋى، تارىخىي، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى ئاچچىق-چۈچۈك ھەققەتلەر مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك ناچار ئادەت، خاتا خاھىش، يامان ئىللەتلەرنى ئەينەن كۆرسىتىپ ۋە قاتتىق قامچىلاپ ئۆتكەن ئۆتكۈر پىكىرلەر مۇشتەرىلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرسا، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» دېگەن يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق، ئۆزگىچە سەھىپىلىرى تەمرىر بۆلۈم بىلەن مۇشتەرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، بىر خىل ئۆزۈلمەس رىشتە ۋە غايىۋانە دوستلۇق ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چىن ھېسسىياتى بىلەن ئېچىلىپ- يېيىلىپ، ئەركىن، بەخىرامان كۈلۈشكە، ئۇزاقىچە زوقلىنىپ كۈلۈشكە ۋە مۇشتەرىلەرنى بۇ ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرى بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشۈشكە ئۈندەيدۇ!...

مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ سادىق، ئىخلاسمەن مۇشتەرىسى ۋە ئاددىي بولسىمۇ بىر قەلەمكەش بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆركەم، جانلىق، قىزىقارلىق، رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق قىلىپ چىقىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە تەمرىر بۆلۈمدىكى بارلىق خادىملارغا سەمىمىي رەھمەت - تەشەككۈرۈمنى، چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن، جۈملىدىن بۇ ژۇرنالنىڭ داۋاملىق ئىخلاسمەن مۇشتەرىسى ۋە قەدىناس ئاپتورلىرىدىن بولۇشقا داۋاملىق تىرىشىمەن.




(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە سالغان يېزىسىدا)

## كۆردۈم

(شېئىر)

ـــ ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ

ئابدۇللا ياقۇپ

كىرىپسەن ئۆمرى 10 ياشقا، جامالىڭدا سەھەر كۆردۈم،
تۇرۇپتۇ سەھىپەڭ چاقناپ، گويا شەمسى - قەمەر كۆردۈم.

سۆيۈندۈم زەپ خۇشاللىقتىن، سېنىڭدەك خۇشپۇراقلىقتىن،
ۋەتەندە ئىتتىپاقلىقتىن ساناقسىز خۇش خەۋەر كۆردۈم.

تالاي جەسۇر پىداكارنىڭ، ۋەتەنگە قەلبى خۇشتارنىڭ،
شەرەپلىك ئىش ئىزى قۇچقان ئاجايىپ شان - زەپەر كۆردۈم.

بېرىپسەن ئەل ئۈچۈن مېۋە، ياراتتىڭ بىھېساب تۆھپە،
ئېسىل نېمەتلىرىڭ كۆپكەن، ئۇنى تاتلىق شېكەر كۆردۈم.

يورۇتتۇڭ زېھىن - ئەقلىمنى، يېقىپ ئاتەشكە قەلبىمنى،
ئىلىم - ھېكمەت خەزىنەڭدە يەنە دۇردانە - زەر كۆردۈم.

قۇۋۋەت - دەرمان قوشۇپ جانغا، مېنى سەن ئۈندىدىڭ ئالغا،
ئېلىپ ئىلھام سېنىڭدىن كۆپ ئۆزۈمنى بەك چېۋەر كۆردۈم.

يېتىلدى زور ئۈمىد مەندە شىجائەت ئۇرغىغاچ تەندە،
چۈشۈپ جەڭلەرگە مەردانە بېلىمدا چىڭ كەمەر كۆردۈم.

بىلىپ تەڭ ھەممە مىللەتنى، تاراتتىڭ نۇرىي خىسلەتنى،
قەدەم تاشلاشتا ئىقبالغا سېنى بايراق - پەدەر كۆردۈم.

ئۇزۇق ئالدىم ئوقۇپ قانماي، ئېچۈن ئىشقىڭدا مەن يانماي،
سۆيۈپ دىلدىن سېنى دائىم يېقىن دوست جان-جىگەر كۆردۈم.

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

ھېكمەت: كىتاب ـــ ئالدىنقىلاردىن كېيىنكىلەرگە قالغان مەنىۋى ۋەسىيەت. ـــ گېرتسېن

ETHNIC UNITY

# يورۇقلۇق ئەلچىسى،

# بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى

● مۇھەممەت سابىت ●



قەدىمكى زاماندا چەت ئەلدە كەڭ تارقالغان بىر رىۋايەتتە: «پرومىتى زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئوتنى ئاسماندىن ئوغرىلىقچە زېمىنغا ئېلىپ چۈشۈپ ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلغان» دېيىلگەن.

بۇ بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە تونۇشتۇرماقچى بولغان قەھرىمانىمىز رىۋايەتتىكى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى يورۇقلۇق ئەلچىسى، بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى — ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ ھەدىيە ھاشىمنىڭ تۆھپىلىرى ھەم ئالتۇندەك ساپ كەسپىي ئەخلاقى.

«پارتىيە تەشكىلى ۋە ئازادلىق ئارمىيە دوختۇرخانىسى مېنى تەربىيىلەپ كۆز دوختۇرى قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇڭا مەن ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ۋە بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىمنى ۋاقىتسىز خىرەلەشكەن كۆزلەرنى قايتىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن تەشكىلگە ۋە خەلقىمگە جاۋاب قايتۇرىمەن» دەيدۇ ھەدىيە.

ئۇ 27 يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. بۇ 27 يىل ھەدىيەنىڭ ھايات مۇساپىسىدە تۈرلۈك قىيىن ئۆتكەللەرنى مەردانىلىك بىلەن بۆسۈپ ئۆتكەن يىللار بولدى. بۇ 27 يىل ئۇنىڭ تېخنىكا ئىگىلەش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىپ سانسىزلىغان كۈن ۋە تۈنلەرنى تەجرىبىخانىدا، ئۆزگە يۇرتلاردا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن يىللار بولدى. ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئۇلارنى سېغىنىپ ۋە سېغىندۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ ئىگىلىگەن ھەر مىللەت بىمارلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ زور نەتىجىلەرنى قازانغان يىللار بولدى.

1993ـ يىلى ھەدىيە دوختۇر ھەربىي رايون ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىدىن نېفىت دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆز بۆلۈمىنىڭ ئەسلىھەلىرى قالاق ھەم ئاددىي، داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، بىر ئايدا بىرنەچچە ئاددىي كۆز ئوپېراتسىيىسىنىلا قىلالايتتى. ھەدىيە دوختۇر ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق ياخشى داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە زامانىۋى، يۇقىرى تېخنىكىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق يۇقىرىنىڭ ۋە دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا چەت ئەلنىڭ بىر يۈرۈش يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى. بۇلار ئارقىلىق كۆز گۆھىرىگە چۈشكەن ئاقنى يىڭى ئۇسۇلدا ئېلىش، سۈنئىي كرىستال تەنچىسىنى كۆچۈرۈش، كۆزنىڭ ئارقا دالانچە ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق خەلقئارانىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىدىكى داۋالاش تېخنىكىسىنى پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرۇپ شىنجاڭدىكى كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدا بۇ دوختۇرخانىنىڭ داڭقى يىراق-يېقىنغا تارقالدى. كۆز بۆلۈمىنىڭ كېسەل كارىۋىتى دەسلەپكى 10 نەچچىدىن كۆپىيىپ 40 نەچچىگە يەتتى. ھازىرغىچە 860 نەچچە قېتىم كۆز ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %99 تىن ئاشتى. بۇ يەردە داۋالىنىپ ساقايغان ھەر مىللەت بىمارلىرى ھەدىيەگە تۈمەنمىڭلارچە مەدھىيىلەرنى ئوقىدى. ھەدىيەنىڭ شاپائەتلىك قولى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان غەمخورلۇقى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگىچە يەتكۈزۈلدى.

1996ـ يىلى بىر جۈپ خەنزۇ ئەر-ئايال ئاقسۇنىڭ ئاۋات



ھېكمەت: كىتاب — روھىي دۇنيانى پاكلاشتۇرغۇچى قورال، ئۇ ئىنسانىي يورۇقلۇققا يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق ماياكتۇر. — گىيوگو

ناھىيىسىدىن 10 ياشلىق يالغۇز ئوغلىنى نۇرباغ نېفىت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. گۇۋەنچىڭ ئىسىملىك بۇ بالا كىچىك چېغىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆزىنى يارىلاندۇرۇۋالغانىكەن، كۆزىنىڭ كرىستال تەنچىسى يېرىلىپ كۆز ئالمىسى ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن كۆرۈش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. بىرنەچچە چوڭ دوختۇرخانىغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن. يۇرتىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالانغان كىشىلەردىن ھەدىيە دوختۇرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋە ئالاھىدە كەسپىي ماھارىتىنى ئاڭلىغان بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بالىنى ئېلىپ نۇرباغ نېفىت دوختۇرخانىسىغا كەلگەن. بالىنىڭ ئانىسى ھەدىيە دوختۇرغا يىغلاپ تۇرۇپ: «بىزنىڭ دۇنيالىقتا مۇشۇ بىرلا بالىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىپ كۆرسەتمىگەن دوختۇرخانا قالمىدى، ئاخىرى ئۈمىدىمىزنى سىزگە باغلىدۇق» دەپ ئۇنىڭغا بولغان زور ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى. روھىي ھالىتى ئىنتايىن چۈشكۈن بۇ گۆدەك بالىنى كۆرۈپ ھەدىيەنىڭ ئانىلارغا خاس مېھرىبان كۆڭلى ئېرىپ يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ بالىنىڭ ئانىسىغا: «سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىر ئانا، بالىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىغا ئوخشاش ئەزىز كۆرىمەن، ئازراقلا ئۈمىد بولىدىكەن، بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن بالىڭىزنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىمەن» دېدى. ئەستايىدىللىق بىلەن دىئاگنوز قويۇپ ئوپېراتسىيە قىلىش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈش نەتىجىسىدە بۇ يورۇق دۇنيا بالىغا قايتىدىن نېسىپ بولدى. چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ھەدىيە دوختۇرغا نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئاخىرى بىر سىقىم پۇلنى ھەدىيە دوختۇرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ھەدىيە دوختۇر بولسا ئەدەب بىلەن رەھمەت ئېيتىپ ھېلىقى پۇلنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ: «بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز، بىز خەلقنىڭ خىزمەتكارى، داۋالاش بىز دوختۇرلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، بالىنىڭ كۆزى ساقىيىپ يورۇقلۇققا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق، نەتىجە ۋە ماڭا قايتۇرۇلغان رەھمەت» دېدى. بالىنىڭ ئانىسى بۇ ئالىيجاناب دوختۇر ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق 96 ياشلىق خۇماخان ئانىنىڭ ئىككىلا كۆزىگە ئاق چۈشۈپ كۆرمەس بولۇپ قالغىنىغا 4 يىل بولغانىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيۋاتقانلىقىغا كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ موماي پالەچ بولۇپ قالغانلىقتىن ۋە يېشى بەك چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن تېنى بەكمۇ ئاجىز، ھەرىكەت قىلىشقىمۇ قولايسىز ئىكەن. ھەدىيە دوختۇر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىمارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆيىدىلا دىئاگنوز قويۇپ ۋە ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتىپ مومايىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، باشقىلار «بۇ بىر مۆجىزە بولدى» دېيىشسە، موماي ئەتراپىدا سەكرەپ، ئويناپ يۈرگەن نەۋرە- چەۋرىلىرىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولۇپ ھەدىيەگە: «سىزگە مىڭ رەھمەت، سىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيىگە مىڭ رەھمەت، ئاشۇ شىپالىق قولىڭىزدىن گۈل ئۈنۈپ چىقسۇن، تېخىمۇ كامال تېپىڭ، مۇراد- مەقسىتىڭىزگە يەتكەيسىز» دەپ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

1994-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى، كىچىك تىپتىكى «ھەسەل ھەرىسى — 043» ئايروپىلانىنىڭ باشلىقى، 55 ياشلىق مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچى شياۋگۇيفېي ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن يەنى ئۇنىڭ ئۇچۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ئۈمىد شامى قايتا نۇرلانغان كۈن بولغانىدى. شياۋگۇيفېينىڭ 2 كۆزى تاشقى زەربە تۈپەيلىدىن زەخىملىنىش خاراكتېرلىك ئاق چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 0.1 ۋە 0.2 گرادۇسقا چۈشۈپ قالغان. ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلاردا كۆپ قېتىم داۋالانغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغانىكەن. ئاخىرى ئۇ ھەدىيە دوختۇرغا كۆرۈندى، ھەدىيە دوختۇرنىڭ ئىنچىكە دىئاگنوز قويۇپ ئوپېراتسىيە قىلىشى ئارقىسىدا ئۇ 2- قېتىم قايتا يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. كۆزىگە كۈچلۈك ئۇرۇلغان رەڭگارەڭ نۇرلار ئارىسىدا ئاق خالاتلىق ئۇيغۇر ئايال گويا پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن، شياۋگۇيفېينىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى 1 ۋە 0.8 گرادۇسقا يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە قايتىدىن ئۇچۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجە ياراتتى. 1995- يىلى 50 قېتىم بىخەتەر ئۇچۇش تۈرىنى ئورۇندىدى؛ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەرىكىسىدە كۆك ئاسمان بوشلۇقىدا ماھارەت كۆرسىتىپ ئالاھىدە شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

مۆجىزە سەۋرچانلىق، تىرىشچانلىق، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتىن كېلىدۇ. ھەدىيە دوختۇرنىڭ داۋالاش خىزمىتى ۋە نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى مىساللارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق بىمار — مەيلى دېھقان بولامدۇ، ئىشچى، كادىر ياكى كىيىنىش جەھەتتە پەرقلىق كىشىلەر بولامدۇ ھەممىگە سەممىي،

ETHNIC UNITY

ئوقۇرمەندىن: «بەت ئاستى چىمەنزارى» — ئەلبەرنىڭ ئىزھارى، كۆڭۈللەرنىڭ ئىللىق باھارى، ئەلنىڭ مادارى ئىكەن. (لەمەتجان)

مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كېسەلنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئامال بار تېز ۋە ئەلتۆكۈس ساقايتىشقا كۆپ ئىزدەندى ۋە تىرىشتى. ئۇ بولۇپمۇ چەت، يىراقا يۇرتلاردىن كەلگەن دېھقانلارنى، قولى قىسقىراق كىشىلەرنى بالدۇرراق داۋالاپ ساقايتىپ ئۇلارنىڭ ۋە قارىغۇچىلىرىنىڭ چىقىمىنى ئازايتىشنى ۋە يەڭگىللىتىشنى ئويلاپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي ئىشلىدى، ھەتتا چۈشلۈك ۋە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ قۇربان قىلدى. ئۇ ھەر مىللەت بىمارلىرى ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بەرگەن قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى ۋە پۇل قاتارلىقلارنى قەتئىي قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ «ئالتۇندەك ساپ قەلبى»، يۈكسەك ۋە پاك تىببىي ئەخلاقىنى ئىپادىلىدى.

ھەدىيە دوختۇر داۋالاش جەريانىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ھەرمىللەت بىمارلاردىن يۇرتىدا يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارىلىق يىراق بولۇش، دېھقانچىلىقنىڭ قاتلاق بولۇش، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولۇپ كەتتى. شۇ يەردىكى يۇرۇقلۇققا تەشنا ئاجىزلارنى قانداق قىلىپ داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى ئويلاپ نەچچە-نەچچە كېچىنى تولغىنىپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ جەھەتتە مۇۋاپىق پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە سۇندى. تەشكىل ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ 1997ـ يىل 1ـ ئايدا ئۇنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاشنى ئاساس قىلغان نامراتلارنى يۆلەش داۋالاش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ يولغا سالدى.

داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قاتتىق سوغۇققا قارىماي، يۇرتمۇ - يۇرت يۆتكىلىپ كېچە- كۈندۈز ئىشلەپ بىرنەچچە ناھىيە، شەھەرلەردە زىلزىلە قوزغىۋەتتى. ئۇلار 40 نەچچە كۈن ئىچىدە قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات، تومقۇزاق، پوسكام ناھىيىلىرىدە تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىپ 986 نەپەر بىمارنىڭ كۆز كېسەلنى كۆرۈپ، داۋالىدى. 138 نەپەر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى % 100 كە يەتكۈزدى. نامراتلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي داۋالاش راسخوتى نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىرنەچچە يىل ھەتتا بىرنەچچە ئون يىل كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا بەنت بولۇپ كەتكەن ياۋاش، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر كۆزلىرى ئېچىلغاندا خۇشاللىقتىن ئۆزلىرىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىشتى. ئۇلار: «ھەدىيە دوختۇر پەرىشتىدەك ئالدىمىزغا كېلىپ بىزنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى، بىز بۇ پەزىلەتلىك دوختۇرنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز» دېيىشتى.

ھەدىيەنىڭ شۆھرەتلىك نامى، ئالىيجاناب ئىش ئىزلىرى، گۈزەل تىببىي ئەخلاقى ئۇنىڭ ئايىغى يەتكەن ياكى شان- شەرىپى تارالغان نۇرغۇن جايلاردىكى خەلقنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز پارلاق خاتىرە بولۇپ يادلىنىپ قالدى. ئۇ ھەر بىر رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتقۇچىغا، ئۇزاتقۇچىلارغا ئىنتايىن سەمىمىيەت ۋە كەمتەرلىك بىلەن: «مەن ئاددىيلا بىر دوختۇر، سىلەرنىڭ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇشۇڭلار پارتىيە تەشكىلىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان غەمخورلۇقىدىن، يېڭى پەن- تېخنىكىنىڭ خاسىيىتىدىن بولدى» دەپ جاۋاب بەردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ قېتىملىق داۋالاش جەريانىدا ھەدىيە خانىم دەم ئالماي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قاتتىق ئىشلىگەنلىكتىن ئىنتايىن چارچاپ يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىزلاپ بىئارام بولدى. بىر كېسەلنى بولسىمۇ ئارتۇقراق داۋالاش ئۈچۈن، ئۇ دائىم ئوپېراتسىيە ئۈستىدە تىنچلاندۇرۇش دورىسى يەپ تۇرۇپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بۇ مەزگىلدە ھەدىيەنىڭ يولدىشىمۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۆيدە بولالمىغانىكەن. روزا ھېيت يېقىنلاپ قالغانىدى. ھەدىيە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 2 قىزىدىن تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال سوراپ تۇرالىدى. روزا ھېيت كۈنى قىزى ئاغرىپ قېلىپ ئاپىسىنىڭ تېزراق قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ تېلېفون بەرگەندە ھەدىيە چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى بېسىپ تۇرۇپ، چىرايلىق، مېھرلىك سۆزلەر بىلەن پەرزەنتلىرىنى يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلىشقا ئۈندىدى.

ھەدىيە خانىم تىرىشچان ھەم قابىلىيەتلىك كەسىپ ئەھلى بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ۋە ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، چېڭداۋ قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئاشۇرغانىدى. شۇ يەرلەردىمۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، كەسىپتە پۇختىلىقى، ئوپېراتسىيىدىكى دەل، چاققانلىقى، پاك-دىيانەتلىكلىكى، كەمتەر، سەمىمىيلىكى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەنىدى، ئۇنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن يازغان «يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنىڭ ئىرسىيەت، مىللەت، مۇھىت ئامىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 4 پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتلاشقا ئېرىشتى. شۇنداقلا شياڭگاڭ، ئاۋمېن، جۇڭگو تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 8-نۆۋەتلىك خەلقئارا كۆز كېسەللىكلىرى كلىنىكىسىدىن ئىلمىي دوكلات بېرىش يىغىنىدا ئوقۇلۇپ يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ھەدىيەنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارىتى ۋە نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكىدىكى بىر دوستى ئۇنىڭغا كۆپ

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: تالانت ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەن «ئاپىرىن» دېگەن سۆزدۇر.

قىشتا تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا جىق مەبلەغ سېلىپ دوختۇرخانا ئېچىپ بېرىش پىلانى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ھەدىيە ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «مېنى پارتىيە ۋە ئازادلىق ئارمىيە تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، مېنىڭ بارلىق كەسپىي ئارتۇقچىلىقىم تەشكىلگە ۋە خەلققە مەنسۇپ، مەن تېخى پۇل تېپىپ بېيىشنى ئويلىشىپ باقمىدىم، مېنىڭ ئەس-يادىم تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت بىمارلىرىنى داۋالاپ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش» دەپ جۇشقۇن ھالدا جاۋاب بەردى.

ئۇ ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپلا قالماي، بۆلۈمدىكى ھەرقايسى كەسپداشلىرىنى يېتەكلەپ ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى دەپ بىلدى. ئۆزى ئىگىلىگەن ماھارەت ۋە بىلىملەرنى ئۆزى يېتەكلەۋاتقان 4 نەپەر خەنزۇ، 3 نەپەر ئۇيغۇر دوختۇرغا ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق ئۆگەتتى. ئۇ ئۆز بۆلۈمىدىكى دوختۇر، سېسترالارغا دائىم: «بىمارنى ئاسرىغان، ئۇلارغا جان كۆيدۈرۈپ جىسمانىي ۋە روھىي ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان دوختۇرلا كەسپتە زور ئۇتۇق قازىنالايدۇ» دەپ تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە توغرا يېتەكلىدى. ئۆزىمۇ خىزمەتنى باشلامچىلىق، ئىنتىزامچانلىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلدى. بۇ بىرنەچچە يىل داۋامىدا ھەدىيە ئىزچىل ھالدا قايسى پەسىل، قانداق شارائىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشقا 40 مىنۇت بالدۇر كېلىپ بىمارلارنى تەكشۈرۈپ داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بەزى كۈنلىرى ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان كېسەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن چۈشلۈك تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىمۇ كېيىنكە سۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قولىدا داۋالىنىپ كېسەلخانىدا ياتقان بىر كىشى ھەدىيەنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتىنى مۇنداق بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن: «ھەدىيە دوختۇرنىڭ قەدىمى قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاينىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ توختايدىكەن».

ھەدىيەنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئۈلگىلىك رولى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغان ھەر مىللەت دوختۇر، سېسترالار ئۈچۈن روھىي ئىلھام بولدى. ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەر مىللەت بىمارلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدىكى دوختۇرلار تېز ئالغا باستى. چىڭ يۈگچاۋ ئىسىملىك دوختۇر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۆز ئوپېراتسىيىسى قىلالايدىغان بولدى.

ھەدىيە ئالاھىدە تېخنىكا ماھارىتى، توغرا كەسپىي ئەخلاقى بىلەن پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان غەمخورلۇقىنى كەڭ بىمارلارغا يەتكۈزدى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئىلغار ئىش ئىزلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كەڭ تارقالدى. گېزىت- ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىندى.

شانلىق نەتىجە جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ. جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگۈچىلەر چوقۇم ئالىي شەرەپلەرگە نائىل بولماي قالمايدۇ. 4 يىلدىن بۇيان ھەدىيە قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە 10 ئۈلگىلىك ئاياللىڭ بىرى، شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى قاتارلىق شەرەپلەرگە ۋە «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشتى.

ھەدىيە ئېرىشكەن نەتىجە، شەرەپلىرى بىلەن توختاپ قالغىنى يوق. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش، داۋالاش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا كۆز كېسەللىكلىرىدىن كۆز مۇگگۇز پەردىسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ ئاق چۈشۈش كېسەللىكىنىڭ نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆز مۇگگۇز پەردىسىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى قانات قايدۇرۇش، كۆز ئىسكىلاتى قۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى خەلقئارالىق ئۈچ چوڭ تېخنىكىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى چوڭ بىر بوشلۇق ئىدى. ھەدىيە كۆز مۇگگۇز پەردىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ھەر مىللەت بىمارلىرىنى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ داۋالىنىش جەريانىدىكى جاپاسى، ئىقتىسادى ۋە باشقا ئاۋارىچىلىكىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە قېتىرقىنىپ ئىزدەنمەكتە.

ھەدىيە خانىم تېخىمۇ تىرىشىپ ھەر مىللەت كۆز كېسەللىكى بىمارلىرىنى بالدۇرراق يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرۈش، تېخىمۇ كۆپ بىمارغا شاپائەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەكتە. ئۇ تەگرىتېغىدا پورەكلەپ ئېچىلغان شىپالىق قار لەيلىسى، «يورۇقلۇق ئەلچىسى، بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى» بولۇشقا مۇناسىپ ئاق خالاتلىق پەرىشتىدۇر.



(ئاپتور: قاراماي شەھەرلىك نېفىت ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە)



قىزىقارلىق ئېلان: لۇرۇشمىغىچە تېپىشماس. (خەت لۇرۇش ماشىنىسى زاۋۇتى)

# كۆپ قىرلىق، يېقىملىق ئوبراز

## — «ئاكامنىڭ كېسلى» ناملىق ھېكايە بەخش

ئەتكەن تەسراتلار.

● نۇرنىسا مۇھەممەت ●

روسىيە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ئا. م. گوركىي ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى — كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى چۈشەندۈرۈش، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش تەلپىنى ئۇرغۇتۇش؛ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ياخشى نەرسىلەرنى تېپىش؛ كىشىلەر قەلبىدە نومۇس، غەزەپ - نەپرەت ھەم باتۇرلۇقنى ئويغىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىشىلەرنى ئالىيجاناب ۋە قۇدرەتلىك قىلىپ، مۇقەررەر گۈزەللىك روھى بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاكامنىڭ كېسلى» ناملىق ھېكايىنى دەل گوركىي تەكىتلىگەن نىشاننى كۆزلەپ ئىجاد قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ھېكايىدە، ئاپتور نامرات، ئاق كۆڭۈل، ساددا بىر دېھقاننىڭ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، داۋالىنىشقا تەرەددۇت قىلغىنىدىن تارتىپ تا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانغا قەدەر بىر مەزگىللىك ئەگرى - توقاي، قىزىقارلىق كەچۈرمىشلىرىنى يان تەرەپتىن ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىش ئارقىلىق، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى، خاراكتېرى ۋە كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاددىي كىشىلەردىكى ئالىيجاناب پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاقنى تولۇپ-تاشقان سۆيۈنۈش ھېسسىي بىلەن مەدھىيىلەيدۇ؛ ئۇلاردىكى مەنىۋى كەمتۈكلۈك ۋە ئەجەللىك كەمچىلىكلەرنى چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە سەممىي تەنقىد قىلىدۇ.

دېھقانلار مەسىلىسى تارىختا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەسىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. ئېلىمىز بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇ يەنىلا مۇھىم تېما بولۇپ كەلمەكتە. گەرچە، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ توغرا ئەمەلىيلىشىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ كەڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، يېزىلاردا جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، يەنە خېلى كۆپلىگەن رايونلار، جۈملىدىن چەت-ياقا، تەبىئىي شارائىتى ناچار جايلاردىكى دېھقان قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشىدا نامراتلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئوخشاش كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئاپەتلەر ۋە مەنىۋى كېسەللىكلەر خېلى كۆۋدىلىك دەرىجىدە ساقلانماقتا. «ئاكامنىڭ كېسلى» ھېكايىسىدە دەل ئەنە شۇ تەرەپلەر نازۇك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ھېكايىدىكى باش قەھرىمان «ئاكا» ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئەمگەك سۆيەر دېھقان. ئەمما نادانلىقتىن قۇتۇلالمىغان مۇتەئەسسىپ دېھقان.ئۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىرىدە خوراپ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يىقىلغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزى بىلەن كارى بولماي بالا - چاقىلىرىنىڭ، ئۇكىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۆزى خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇقلۇقمۇ باشقىلارغا ئاۋارىچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەيدۇ. ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن يۇرتداشلىرىغا ناھايىتى ئىللىق ھىممەت كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ ھاقىلىق پەيلەردە نادانلىقنى يەنىلا ئىپادىلەپلا يۈرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزى يۇقۇملۇق ئۆپكە كېسلى بىلەن ساك ئۆلۈپ تىرىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنە نارسىدە باللىرىنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ ئەركىلىتىدۇ؛ ئۆز قاچىسىدىكى گۆش توغرامچىلىرىنى ئۇكىسىنىڭ باللىرىغا سۇزۇپ بېرىپ ئامراقلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ «كېسلىم بىگۇناھ يۇمران باللارغا يۇقۇپ چاتاق چىقمىسۇن» دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ؛ ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ھاراق، تابلېتكا دورىلارنى تۇگكۈزنىڭ سۆڭكىدىن ياسالغان دەپ گۇمانلىنىپ، داۋالاش تەرتىپىگە كاشىلا سېلىپ ئاۋارىچىلىق تاپىدۇ... بۇ، ساددا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا دائىم چېلىقىپ تۇرىدىغان كومېدىيىلىك، ئەمما كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ناچار ئالامەتلەر بولماي نېمە؟

«ئاكا» ساددا، ئەمما تۇرمۇش ۋە ھايات ھەقىقەتلىرىگە كونكرېت مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئادەم. ئۇ «دوختۇرخانىدىن ئالىي دەرىجىلىك پەشمەت تارقىتىپ بەرگەندە، ئۇكىسى سېرىق ناۋات بىلەن يوقلاپ كەلگەندە، بۇنداق ئېسىل يېمەكلىكنى (مەن ئەمەس، باللار يېيىشكە تېگىشلىك) دەپ قارايدۇ. ئۆزى ئوبدانراق ئوزۇقلىنىپ، تېزرەك ساقىيىپ كېتىشنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ؛ ئۇكىسىنىڭ ئائىلىسىگە بىر يۈرتلۇقلىرىنى باشلىغاندا، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بۇ كاتەكتەك تار ئۆيلەرگە قانداق سىغىشى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنى قوندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن قورقىدۇ... بىراق، ئۇ ئېغىر كېسەل ئازابىدا ئۆرتىلىپ ياتقاندىمۇ، يىغىپ - تۆشەپ ساقلىغان«خېلى توم مونەك»نى ئۇكىسىنىڭ يانچۇقىغا زورمۇزور تىقىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايدۇ؛ ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە، ئالدى بىلەن باللارنى سورۇشتە قىلىدۇ ۋە «سۇنئىي خورۇم سومكا ئىچىدىن قىزارتىپ پىشۇرۇلغان توخۇم، ئۆرۈك قېقى، ياڭاق دېگەنلەرنى باللارنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىۋېتىدۇ». دېمەك، ئۇ تۇرمۇشقا پىشقان، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىنساپ بىلەن ھالال ياشايدىغان، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلىدىغان، ئەمەلىيەتكە جىددىي قارايدىغان كونكرېت ئىنسان. «ئاكا»نىڭ بۇ خاراكتېرىمۇ، بىز دائىم

ETHNIC UNITY

يولۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان يېزا تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىن ئەمەسمۇ؟!

خۇراپاتلىق، شۇكرانىيەتچىلىك ــ خېلى كۆپلىگەن دېھقانلىرىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنىڭ بىرى. شۇ تۈپەيلى، ئۇلار ئورۇنسىز ھەرىج تارتىدۇ، تېگىشلىك بولمىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرىدۇ. ھېكايىدىكى«ئاكا»مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.ئۇ ئۆپكە سىلىنىڭ ئازابىدا شۇنچە قىينالغان تۇرۇقلۇق، دوختۇرخانىنىڭ دورا، ئوكۇل ۋە تاماقلىرىدىن گۇمانلىنىپ، «ئىمانى بۇلغانغىچە، ئاملا - ئىبەن كېتىۋېلىش» دېۋاسىنى قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ؛ ساقىيىپ ئۇكىسى ۋە كېلىنچەك بىلەن بازارغا چىققاندىمۇ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشنىڭ پارىڭى چىققان ھامان، خۇددى سولاقخانىغا سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كەينىگە شوخشىپ تۇرۇپ: «ۋاي ئوبدان ئۇكىلىرىم، مېنى گۇناھلىق ئىشقا شېرىك قىلماڭلار. خۇدا ساقلىسۇن، ھازىر شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ قويۇپ، كېيىن ئۇ ئالەمگە بارغاندا سۈرەت جان تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ. رېئاللىقتىن ئېلىنغان بۇ كومېدىيىلىك دېتاللار ھېكايىنىڭ چىنلىق قىممىتى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. ئەگەر، ئاپتور «ئاكا»نى بىر مەزگىللىك داۋالىنىش، شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈش داۋامىدا، ئۆزگىرىپ خۇراپاتلىق - نادانلىقتىن ئادا - جۇدا بولغان، ئىلىم - پەنگە پەرۋانە قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ھېكايە پەقەت ھېسسىياتچان ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن يېزىلغان سۇنئىي تـوقۇلمىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ھېكايىدە دېھقانلاردىكى مۇتەئەسسىپلىك، خـۇراپىي قـاراشلارنىڭ تـۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلىنىشى ئـوقـۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، ھەربىر ئاڭلىق كىشىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. «ئاكا» نادان، خـۇراپىي دېھقان. لېكىن، ئۇ ئىلىم - پەننىڭ رولىغا كۆز يۇمىدىغان يېڭى دەۋردىكى مەلۇم ئاڭغا ئىگە دېھقان. ئەگەر، ئۇنىڭدىكى «ھالال - ھارام» قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، روھىي قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى مىڭ يىللاردىن بۇيانقى جاھالەتنىڭ ئاسارىتى دەپ قارىساق، ئۇنىڭ چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالىنىشقا ئۇنىلىشى، كېيىنكى مەزگىللەردە دوختۇرلارنىڭ تاپىلاشلىرىنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە مىزان قىلىۋېلىشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلمىيلىككە، ئالغا بېسىش يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە يېڭى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئىجابىي رولى، تەربىيىنىڭ مەھسۇلى.

دېمەك، يۇقىرىقىلارنى بىر نۇقتىغا مۇجەسسەملىگەندە، «ئاكامنىڭ كېسىلى» ھېكايىسىدىكى «ئاكا» ئوبرازى تىپىك خاراكتېرگە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان كـۆپ قىرلىق، يىقىملىق ئوبراز، ياساپ قوراشتۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان، ئارىمىزدا ياشاۋاتقان «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم»، ئۇ ھەم ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل دېھقانلاردا بولىدىغان تۇرغۇن ئېسىل خىسلەتـ پـەزىلـەتلەرگە ئىگە، ھەم ئۇلارنىشقا مۇھتاج نادانلاردا بولىدىغان گەۋدىلىك كەمچىلىكلەر بىلەن ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ زىددىيەتلىك بىر شـەخس، ئەمما، رېئال ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخس. ئۇ، ئېسىل خىسلەت ـ خاراكتېرلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەيىب - نۇقسانلىرى بىلەنمۇ سۆيۈملۈك تونۇلىدىغان شەخس. ئەنە شۇنداق كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە تىپىك دېھقان ئوبرازىنىڭ ھېكايە باياتىغا ئىخچام ۋە قايىل قىلارلىق ۋەقـەلىكلەر بىلەن شۇنچە تەبىئىي، ئۇستىلىق بىلەن يۇغۇرۇۋېتىلگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەت.

«ئاكامنىڭ كېسىلى» ھېكايىسىگە باھا بەرگەندە، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان تەرەپلەردىن بىرى ھېكايىدىكى تىل ئىشلىتىش مەسىلىسى. ئورۇنسىز دىئالوگلاردىن، بىھۇدە ئۇزۇن تەسۋىرلەردىن، دېبدەبىلىك «مەدەنىي» ئۇقۇم- ئىبارىلەردىن خالى بولغان بۇ ھېكايىدە ئاپتور پىشقان يېزىقچىلىق ماھارىتى ئارقىلىق، دېھقاننى دېھقانچە سادda تىلى بىلەن، كادىرنى كادىرلارچە مەدەنىي تىل بىلەن، دوختۇرنى دوختۇرچە كەسپىي تىل بىلەن، باللارنى باللارغىلا خاس چۈچۈك تىل بىلەن سۆزلەتكەچكە، ھېكايىدە ئوقۇرمەنلەرنى بىزار قىلغۇدەك ياكى ئەپسۇسلاندۇرغۇدەك يات ياكى ئورۇنسىز تىل ئامچە ئۇچرىمايدۇ. تەسۋىر ۋە باياتلارمۇ لايىقىدا ئىخچام تەپسىلاتلار بىلەن راۋان يېزىلغان. ھېكايە ئاياغلاشقانغا قەدەر كىشىنى زېرىكىش ھېس قىلدۇرمايدۇ.

ئـىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقى، تـۇرمـۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىكلىكى، شـۇنـىڭدەك ئـورۇنلۇق سانىرىك تۈسكە ئىگە بولۇشىمۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە ھېچقانداق ئاجايىپ- غارايىپ ۋەقەلىكلەر يوق. پۈتكۈل ھېكايە پەقەت ھەممىگە تونۇشلۇق ئادىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت. بىراق، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە ناھايىتى جەلپ قىلىدۇ، سۆيۈندۈرىدۇ، خۇرسەندۈرىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ. ھـەتتا ھېكايىنىڭ تۈگەلـىشىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىغا قالدۇرۇلغان ئېھتىماللىقمۇ چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، رەڭدار ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئەدىب ئـابلىمىت ئاقيولنىڭ «ئاكامنىڭ كېسىلى» ھېكايىسى ئاپتورنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىنىڭ، تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن سىزىۋالغانلىقىنىڭ، ئەھمىيەتلىك تىپىك تېمىلارنى جايىدا تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. مەزكۇر ھېكايىنىڭ ماڭا قالدۇرغان كۈچلۈك تەسىرى مېنى بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلدى.

(ئاپتور: ئاپئونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى)



قىزغىن تىلەك: ژۇرنىلىمىزغا ئالاھىدە قىزىقىپ كۆڭۈل بۆلگەن يەكەندىكى مەمتىمىن ئابلىز ۋە نىيەدىكى ياتەمخان مۇھەممەتلەرگە رەھمەت.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن بىلىم ۋە ھۈنەر توغرىسىدا

△ ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

△ ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن.

△ ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.

△ ئەركىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز.

△ بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،
بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

△ بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.

△ بىلىم ـــ دۆلەت، كىيىم ـــ سۆلەت.

△ بىلىمسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزغا ئاش يوق.

△ بىلىم ئۆگەنگەن كىشى،
كۆككە يېتەر بېشى.

△ بىلىمنى ئۇغرى ئالالماس.

△ بىلىم ـــ يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۈنەر ـــ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

△ جانلىق نادان ـــ ئۆلۈك،
جانسىز ئالىم ـــ تىرىك.

△ سورىغان بىلىم ئالار،
ئۇيالغان كېيىن قالار.

△ قىلىچنىڭ كۈچىدىن
قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

△ كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر.

△ گۆھەرلىك بولۇشتىن
ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.

△ مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان.

△ نادانلىق ـــ قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

△ نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق.
ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس،
دوست ـ دۈشمەنگە زار بولماس.

△ ھۈنىرى يوق ئەردىن مېكىيان ياخشى.

△ ياشلىقىڭدا بىلىم ئال،
قېرىغاندا ئىشقا سال.

(«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دېگەن كىتابتىن ياسىن ھاۋازى رەتلەپ تەۋسىيە قىلدى)

## بىلىم توغرىسىدا چەت ئەل ئەقلىيە سۆزلىرى

بىلىم پادىشاھلىق تاجىدىنمۇ ئەلا.
ـــ ياۋروپا

بىلىمسىزلىك گادايلىقتىنمۇ يامان.
ـــ بىرما

بىلىمنىڭ بۇلىقى ـــ كىتاب.
ـــ گرېتسىيە

بىلىمنىڭ سانى ئەمەس، ساپاسى مۇھىم.
ـــ روسىيە

بىلىم دېگەن يورۇقلۇق، بىلىمسىزلىك ـــ قاراڭغۇلۇق.
ـــ ئامېرىكا

بىلىم ساڭا بىر جۈپ كۆز قوشار.
ـــ سۇرىيە

بىلىم كۈنىرى كۆپىيىپ تۇرمىسا، بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ.
ـــ روسىيە

بىلىم كەم بولسا پىكىر قىلغىلى بولمايدۇ، پىكىر قىلىش كەم بولسا بىلىممۇ بولمايدۇ.
ـــ ياپونىيە

بىلىم خۇددى بىلىق تۇتىدىغان تورغا ئوخشايدۇ، تور قانچە كەڭ يېيىلسا، قانچە پۇختا بولسا تورغا چۈشكەن بېلىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ.
ـــ مېكسىكا

بىلىم خۇددى شېغىل تاش ئاستىدىكى بۇلاق سۈيىگە ئوخشايدۇ، بۇلاق چوڭقۇر چېپىلغانچە سۇ شۇنچە سۈزۈلىدۇ.
ـــ دانىيە

بىر ئۆلۈش بىلىمنى ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئون ئۆلۈش جۇغلانما كېرەك.
ـــ پارس

ئۆزىنىڭ بىلىملىكلىكىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى تەرغىب قىلىش بىلەن تەڭ.
ـــ ئەنگلىيە

ئۆزىنىڭ بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلىم ھاسىل قىلغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ.
ـــ لاتىن ئامېرىكىسى

(«چەت ئەل ئەقلىيە سۆزلىرى» دېگەن كىتابتىن ياسىن ھاۋازى تەۋسىيە قىلدى)



ھېكمەت: گەپ قانچىكى مەنىلىك بولسا، شۇنچە قىسقا بولىدۇ.

## سەئىدى شىرازىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

△ ئىككى خىل كىشى بىھۇدە جاپا چېكىدۇ ۋە پايدىسىز ئەمگەك قىلىدۇ: بىرى، مال توپلايدۇ، يېمەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئىلىم ئۆگىنىدۇ، ئىشلەتمەيدۇ.

△ دۈشمەننىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىش خاتا. لېكىن، ئاڭلاپ قويۇش راۋا. چۈنكى، ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلساڭ بولىدۇ.

△ ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ. ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ بەك يۇمشاقمۇ بولۇپ كەتمە، سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

△ سۆزلىگۈچىنىڭ كەمچىلىكىنى باشقىلار كۆرسىتىپ بەرمىگىچە، ئۇنىڭ سۆزى تۈزەلمەيدۇ.

△ 10 ئادەم بىر داستىخاندا تاماق يېيەلەيدۇ. ئەمما، 2 ئىت بىر تاپ ئۇستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچكۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ، قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەنمۇ توق يۈرىدۇ. شۇڭا، دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: «مال - مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق.»

△ نادانغا سۈكۈت قىلىشتىن ياخشى چارە يوق. ئەگەر، بۇ مەسلىھەتنى چۈشەنسە، ئۇ نادان بولماس ئىدى.

△ كىمكى «نادانلىقىمنى باشقىلار بىلسۇن» دەپ ئۆزىدىن داناراق كىشى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلسا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

△ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. خۇددى بازار ئىتلىرى ئوۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاپ قېشىغا يېقىن بارالمىغاندەك.

△ پەس ئادەملەر ھۈنەردە باشقىلارغا تەڭ كېلەلمىسە، يامان غەرەزدە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

△ نادان بىلەن سۆز تالىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىنىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر، نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا ئەجەبلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، تاش گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدىغۇ!

(«گۈلىستان» دىن ئابلىمىت ئاقيولى تەۋسىيە قىلدى)

## بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىغا بەرگەن ئون تۈرلۈك تەكلىپى

بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە ئائىلە باشلىقلىرىغا تۆۋەندىكىدەك 10 تۈرلۈك تەكلىپ بەرگەن:

1. بالىڭىزنى ئامالىنىڭ بارىچە كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈڭ. بالىڭىز ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىلا، ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان بولىدۇ.

2. بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىشكە ۋە ئەمەلىي ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈڭ. ئائىلە باشلىقلىرى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بالىنىڭ ئىلگىرىلىگەن - ئىلگىرىلىمىگەنلىكىنى، ياكى ئىمتىھاننىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىدە ئۆزگىرىش بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك.

3. بالىڭىزغا ھەمىشە ئاسان ئورۇندىغىلى بولىدىغان بىر نەچچە كىچىك نىشان بەلگىلەپ بېرىڭ.

4. بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇڭ. بالىڭىزغا كىتابتىكى مەسىلىلەرنىلا ئىشلەتكۈزمەي، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل پۈرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا مەشىق قىلدۇرۇڭ.

5. بالىڭىزنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇڭ. بالىڭىز قاچا-قۇچىلارنى، قول ياغلىقلىرىنى يۇيۇش، كارىۋىتىنى رەتلەش، ئەسۋابلارنى ئىشلىتىشتەك ئىشلاردىن باشلاپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان بولسۇن.

6. بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۈلگە بولۇڭ. ئەگەر ئاتا - ئانا بىرەر يېڭى كىتاب، بىرەر يېڭى مەسىلىگە يولۇققاندا ھاياجانلىنىدىغان بولسا، بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان بالىمۇ ئىختىيارسىزلا تەسىرگە ئۇچراپ، ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇيدىغان، دەرستىن سىرتقى مەشىقلەرنى ئوبدان ئىشلەپ بىلىم ئالىدىغان بولىدۇ.

7. بالىڭىزنىڭ ئالدىدا مۇئەللىمنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماڭ.

8. ئائىلىدە ئۆگىنىش ئۇزۇقىنى بېكىتىپ، بالىڭىزغا قەتئىي ئىجرا قىلدۇرۇپ، ياخشى ئۆگىنىش ۋە مەشغۇلات ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ.

9. بالىلارنى سوئال سوراشقا يېتەكلەڭ. سوئال سوراشقا ئامراق بالىلارنىڭ بىلىمنى قوبۇل قىلىشى پەقەت سۆزلىگەننى ئاڭلاپ بىلىم ئالىدىغان بالىلارغا قارىغاندا تېز بولىدۇ ھەمدە بۇنى ئېغىر يۈك ھېس قىلمايدۇ.

10. بالىڭىز مەكتەپكە بېرىشقا، دەرس تەكرارلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسۇن. ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىش - كۈشلەر تۈپەيلىدىن، دەرستىن قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىسۇن.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن خەمىت نېغمەت تەۋسىيە قىلدى)

ETHNIC UNITY

## يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار دىققىتىگە

يىرىم مىنۇتتىن ئۈچ قېتىم، يېرىم سائەتتىن ئۈچ قېتىم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ھەر يىلى 12 مىليون ئادەم يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن، بۇ سان ئۆلگۈچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 4/ 1 قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ مەملىكەتلىك يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەتقىقات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇڭ جاۋگۇاڭ مۇنداق دېدى: ئۈنۈملۈك بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، كەم بولغاندا يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ يېرىمىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئاسانلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان «يېرىم مىنۇتتىن ئۈچ قېتىم ۋە يېرىم سائەتتىن ئۈچ قېتىم» دېگەندىن ئىبارەت.

**«يېرىم مىنۇتتىن ئۈچ قېتىم»** مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كېچىدە ئويقۇدىن ئويغانغاندا، كۆزنى ئاچقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغۇسىغا يېرىم مىنۇت ئويغاق يېتىۋېلىش، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يېرىم مىنۇت ئولتۇرۇۋېلىش، ئاخىرىدا كارىۋاتنىڭ لېۋىدە پۇتنى ساڭگىلىتىپ يېرىم مىنۇت ئولتۇرۇۋېلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلىش. چۈنكى، مېڭىگە قان قۇيۇلۇش، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىشلەر ھەمىشە كېچىدە بولىدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب كېچىدە بەدەننىڭ ھالەتلىرى تويۇقسىز ئۆزگەرگەندە، يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرىدا دەرھال قان يېتىشمەسلىك پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ ياشانغانلارنىڭ نېرۋا تەڭشەش سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاسانلا خەۋپ تۇغۇلىدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بەدەن ھالىتىنىڭ تويۇقسىز ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئايلىنىپ كېتىشلەردىن ساقلىنىشى كېرەك.

**«يېرىم سائەتتىن ئۈچ قېتىم»** دېيىلگىنى ئەتىگەندە يېرىم سائەت پىيادە مېڭىش، كەچلىك تاماقتىن كېيىن يېرىم سائەت مېڭىپ سەيلى قىلىش، چۈشتە يېرىم سائەت ئۇخلاش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. دوستلار، يۇقىرىدا دېيىلگەنلىرى بويىچە قىلسىڭىزلار، سالامەت بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزگە جەزمەن پايدىلىق بولىدۇ. (ياسىن ھاۋازى تەييارلىغان)

## لايغەزەللىك بەدەن سالامەتلىككە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ

لايغەزەللىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا سۈرەلمىلىك قىلىش، ئىرادىدە چۈشكۈنلىشىش، ئالغا ئىنتىلمەسلىكتەك پاسسىپ خاھىشنى كۆرسىتىدۇ. تېببىي پسىخولوگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، لايغەزەللىك بەدەن سالامەتلىككە پايدىسىز بولىدۇ.

تەپەككۇر قىلىشى ئاستا بولغان ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە ئىقتىدارى ئاجىزلىغان بولىدۇ. لايغەزەل - ھۇرۇن ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغاچقا، مېڭىدىكى بىئولوگىيىلىك ماددىلارنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھالەت ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىۋەرسە، چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارى بارا - بارا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە پاراستىمۇ بارا - بارا ئاجىزلاپ، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى سۇسلىشىدۇ.

ئورگانىزمنىڭ ساپاسى تۆۋەنلىسە، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ھەرىكەت قىلغاندا ئاشىدۇ، ھۇرۇنلۇق قىلغاندا ئاجىزلايدۇ. بوشاڭ - ھۇرۇنلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى ئاجىز، تۆت ئەزايى ھۇرۇن بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بەدەن ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.



قىزىقارلىق ئېلان: شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ شېرىن چاي ئۇتتۇرۇڭلار! ئۇ يەردە 24 سائەت كېچە بولىدۇ. (ساياھەت شىركىتى)

## كىچىك ھەرىكەتتىن چوڭ ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ

**1. بويۇننى ئۇشتۇمتۇت تولغاش:** يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە بويۇن تومۇرلىرى قان قېتىشى كېسىلى بىلەنمۇ ئاغرىغان بولىدۇ. بويۇننى ئۇشتۇمتۇت بۇرىغاندا، بويۇن تومۇرلىرىدا قان قايتىمى ھاسىل بولىدۇ، چوڭ مېڭىگە قان يېتىشمەسلىك ياكى بويۇن تومۇرى قاتمىلىرىدا جىددىيلىك پەيدا بولۇپ، مېڭە قان تومۇرلىرىدا توسۇلۇپ قېلىشتىن جىددىي خاراكتېرلىك مېڭە تومۇرلىرى قېتىش كېلىپ چىقىدۇ.

**2. باش يۇيۇش ھەرىكىتى:** كۆپلىگەن كىشىلەر بېشىنى يۇيغاندا بەدىنى سەل ئالدىغا ئېگىشكەن ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق ھالەت ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە روشەن دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ، يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، يۈرەك ـ قان تومۇرلىرى كېسىلىنى قوزغىۋېتىشى مۇمكىن، نەتىجىدە ئاسانلا يۈرەك سانجىقى ياكى يۈرەك مۇسكۇلى توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

**3. يېمەك ـ ئىچمەك ھەرىكىتى:** تېببىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشىلەر غىزالانغاندا، قان بېسىمى تۆۋەنلەش ئالامىتى پەيدا بولىدىكەن. ياشانغانلار تاماقنى بەك تېز يېگەندە ياكى تاماقنىڭ ھارارىتى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە، قان بېسىمى بىردىنلا روشەن ھالدا تۆۋەنلەش ئالامىتى پەيدا بولىدىكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى ياكى مېڭىگە قان قۇيۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

**4. تەرەت قىلىش ھەرىكىتى:** ھەرقانداق كىشى تەرەت قىلغاندا قورساق بېسىمى ئاشىدۇ، شۇ چاغدا قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ، يۈرەكنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتى ئاشىدۇ. چوڭ تەرەت بەك قۇرۇق ياكى قاتتىق بولۇپ كەتسە، قورساقنىڭ بېسىمى ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ھالەت يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ھاياتىغا تولىمۇ خەۋپلىك بولىدۇ. نەتىجىدە تاسادىپىي يۈرەك قان تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىش ياكى يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى قوزغىلىشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. (يالقۇن ھاۋازى تەييارلىغان)

## زادى قانداق سۇنى ئىچىش كېرەك؟

سۇ بولمىسا، ئادەمنىڭ ھاياتى دەرھال ئاخىرلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ سۇغا بولغان تونۇشىدا سۇ قانچە ساپ بولسا شۇنچە ياخشى، مىنېرال ماددىلار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى دېگەندەك كۆز قاراش شەكىللىنىپ قالدى.

### مىنېرال بۇلاق سۈيىدە ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك مىنېرال ماددا بولۇشى ناتايىن

ھەرقانداق بىر بوتۇلكا مىنېرال بۇلاق سۈيىدە ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل مىنېرال ماددىلارنىڭ ھەممىسى تەل بولماسلىقى مۇمكىن، مىنېرال ماددىلارنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يولى يەنىلا يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مىنېرال ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى مىنېرال بۇلاق سۈيى ياكى شۇ تىپتىكى ئىچىملىك بىلەن تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ھەمدە ئۇ ئاقىلانە ئۇسۇل ئەمەس.

### ساپلاشتۇرۇلغان سۇمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس

ساپلاشتۇرۇلغان سۇ سۇنى ساپلاشتۇرۇش ماشىنىسى ئارقىلىق سۇ تۈرۈبىسى بىلەن كەلگەن سۇدىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە بىر قىسىم زىيانلىق ماددىلار چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى سۇ بولۇپ، ئۇنداق سۇ خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك بۇلغانمىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەلۇم دەرىجىدە پىلتىرلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما ھەرقانداق ساپلاشتۇرۇش ماتېرىيالىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىق ھاياتى ۋە توغرا بولغان ئىشلىتىش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئالۋادا دىققەت قىلىنمىسا، سۇنى ساپلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى قېيىقالغان بۇلغانما نەرسىلەرنى كىچىكلىتىپ تاشلاپ تۈرۈبا سۈيىنى قايتا بۇلغىۋېتىدۇ.

### تەبىئىي يوسۇندىكى تاللاش ـــ داغ سۇ

تۈرۈبا سۈيى زاۋۇتنى يەتكۈزۈپ بەرگەن تۈرۈبا سۈيى سۇنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى جەھەتتىن تامامەن لاياقەتلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مۇئەييەن ئالاھىدە ئەھۋاللاردا (كۆپ قەۋەتلىك بىنالار)تۇيۇقسىز ئىچىملىك سۇ قايتا بېسىم بېرىش ئارقىلىق سۇ يەتكۈزۈلۈپ بېرىلگەنلىكتىن بىئولوگىيىلىك ياكى خىمىيىلىك بۇلغىنىش بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا، سەھىيە تارماقلىرى قايناق سۇ ئىچىشنى تەشەببۇس قىلماقتا. قاينىتىلغاندىن كېيىنكى داغ سۇ ئېغىزغا ئېتىملىق بولۇپلا قالماستىن، ئىشەنچلىك ۋە بىخەتەر بولىدۇ، ھەمدە كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان مەلۇم مىقداردىكى ئېلېمېنتلارنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيىنىڭ ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ تازا، ئەڭ ئەرزان بولغىنى يەنىلا قايناق سۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىچىشىگە تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (ئېلى راجى تەييارلىغان)

ETHNIC UNITY

ئوقۇرمەنلەردىن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئەدىناس دوستلىرى ژۇرنالنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىنى بىرلىكتە تەبرىكلەيلى! (ئەمەتجان)

# خاراكتېر ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى توغرىسىدا

● روزى ھاجى مۇھەممىدى ●

ئادەمنىڭ يۈرىكى قان ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى مەركەز، ئۇ ھاياتلىق جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە يۈرەكتە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ بەدەندىكى مۇھىم ئەزالارنى قان بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەم چىدامىلىق، ھەم نازۇك سەزگۈ ئەزا بولۇپ، ئورگانىزمدا ھەرقانداق كېسەللىك بولغاندىمۇ ھەتتا يۈرەك ئۆزىدە كۆرۈلگەن يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بولغاندىمۇ ئىچكى ۋە تاشقى شارائىتتا ئۆزگىرىش بولغاندىمۇ، شۇنىڭغا ماسلىشالايدۇ، بىراق ئۇنىڭ خىزمىتى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ۋەبەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم خاراكتېرىنىڭ بىر خىل بولماسلىقىمۇ نېرۋا سىستېمىسى ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئادەتتە، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى خاراكتېرى جىددىي، ئاچچىقى يامان، كىچىك ئىشلارغا قاتتىق چېچىلىپ يۈرىيدىغان، جېدەلخۇمار، ئادەتتىكى ئىشلارغا ئۆزىنى زىيادە ئۇرۇپ مۇۋاپىق ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلمايدىغان كىشىلەردە كۆپ بولىدۇ. كۆزىتىشىمىزچە، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ۋە مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشقان، قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قالغان، زىيادە رەنجىگەن، جىددىي ئويۇنلارنى كۆرگەن ياكى بېرىلىپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەردە كۆپ پەيدا بولىدىكەن. ئەگەر بۇ خىلدىكى بىمارلاردا قاتتىق قورقۇش، جىددىيلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئۆلۈم خەۋپى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا چەت ئەللەردىمۇ بۇ توغرىلىق ئالاھىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغان. بېخېرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى پەيدا بولغانلارنىڭ % 14 ـ % 18 تى ئادەمنىڭ مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرى بەزى بىمارلار مەيلى يۈرەك قان تومۇر كېسىلى ياكى مېڭە قان تومۇر كېسىلى بولسۇن، كېسەل قوزغىلىشتىن بۇرۇن ئائىلىدە بولغان جېدەل ۋە باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يوشۇرغان. بۇنى بىمارمۇ، دوختۇرمۇ ئاددىي ئىش قاتارىدا كۆرۈپ سوراشتە قىلمىغان ۋە بۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بەرمىگەن. ھازىر بۇنداق ئائىلە ۋە باشقا سەۋەبلەرنى سوراشتە قىلىش مۇھىم مەسىلە قاتارىدا چىڭ تۇتۇلۇۋاتىدۇ. يېقىندا مېتېلمان ئاچچىقلىنىشنى 7 دەرىجىگە بۆلۈپ، بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەر بەرگەن: (1) تىنچ تۇرۇش؛ (2) چېچىلىش، بىراق باشقىلار بىلەن جېدەل قىلمىغانلار؛ (3) خاپىلىقنى ئىچىگە يۇتۇپ، سىرتىغا چىقارمىغانلار؛ (4) جېدەل چىقارغانلار؛ (5) ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جېدەل چىقىرىپ، مۇشت تەڭلەشكەنلەر؛ (6) قاتتىق خاپا بولۇپ ئۆزىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلالمىغانلار؛ (7) قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلار ۋە ئەسەبىيلىشىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى چېقىپ باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى زەخىملەندۈرگەنلەر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى زىيانلىق خاراكتېر ھېسابلىنىدىكەن. 5 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى پەيدا بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بۇ توغرىدا بەزىلەر تەجرىبىلەرنىمۇ ئىشلەپ كۆرگەن. بىر ئىتنى بىر كۈن ئاچ قويۇپ باغلاقتىن يەشمەي بىر قاچىغا يېمەكلىك سېلىپ، ئۇنى ئىت كۆرەلەيدىغان ئەمما يېيەلمەيدىغان جايغا قويۇپ قويغان. يەنە بىر ئىتقا يېمەكلىك بېرىپ، ئۇنى باققان. نەتىجىدە ئاچ قويغان ئىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تىپىرلاپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىتنىڭ قېنىنى ئېلىپ تەكشۈرگەندە، قان تەركىبىدە كاتېخولومىن ئۆرلەپ ئادرېنالىنىڭ مىقدارى ناھايىتى يۇقىرىلاپ كەتكەن. ئەگەر ئادەم قاتتىق خاپىلىق تارتقاندا، جېدەل چىقارغاندا، قان تەركىبىدىكى كاتېخولومىن تويۇقسىز يۇقىرىلايدىكەن. يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىدىكەن ۋە قان بېسىمى تېزلىك بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىكەن. نەتىجىدە يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىكەن. بەزىلەر ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنى ئائىلىدىكى خاپىلىق، خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن پەيدا بولىدۇ دەپ، خەۋەر بەرگەن. بېخېر ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنىڭ % 10 تى قاتتىق جىسمانىي ھەرىكەت، خاپىلىق، جېدەلدىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن

باشقا جىددىي كەيپىياتتا بولۇشتا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك، يۈرەك سانجىقى ھەتتا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ پەيدا بولىدۇ. تويۇقسىز ئۆلۈم دېگەندە، كېسەل ئالامىتى كۆرۈلۈپ بىر سائەت ئىچىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزىلەردە يۇقىرىقىدەك خاپىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك سانجىقى قوزغىلىدۇ، تاجسىمان ئارتېرىيە سىپازما بولۇپ، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك ئېغىرلىشىدۇ. ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك رېتىمسىزلىقى پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ. مىيېرس تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن 100 نەپەر كىشىنى تەتقىق قىلىپ بۇنىڭ 40% تى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىققان. بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنسانلار جىددىي كەيپىيات ئىچىدە تۇرىدىغان رايونلاردا، مەسىلەن، يەر تەۋرەش قاتارلىق ئاپەت رايونلىرىدىكىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى باشقا رايونلارغا قارىغاندا كۆپ بولىدىكەن. يەنە بەزىلەر بۇ خىل ئەھۋال قاتتىق قارا باسقاندىمۇ پەيدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى قاتتىق قارا باسقاندا قورقۇش پەيدا بولىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىدۇ، يۈرەك تېز سالىدۇ، دەم سىقىلىدۇ، تەرباسىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئورگانىزمدا نېرۋا ئىچكى ئاجرالما قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ سەھەرگە يېقىن سىمپاتىك نېرۋا ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ، شۇڭا ئادەتتە يۈرەك ھادىسىلىرى سەھەرگە يېقىن كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەم ھەر خىل رەنجىش، خاپىلىق، جېدەل-ماجرا قاتارلىقلارغا يولۇققاندا سىمپاتىك نېرۋا غىدىقلىنىپ، كاتېخولومىن كۆپىيىپ يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتى يۇقىرىلايدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىشى كۈچىيىدۇ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ. تاجسىمان ئارتېرىيە سىپازما بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەردە تاجسىمان ئارتېرىيە قانىغان ئورۇن يېرىلىدۇ، تاجسىمان ئارتېرىيە توسۇلۇپ قالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن يۈرەكتە جىددىي تۇراقسىزلىق پەيدا بولۇپ، قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۈرەك ھادىسىسى پەيدا بولىدۇ.

شىنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇن يۈرەك كېسىلى بولغان ياكى بولمىغانلار، بولۇپمۇ 50 تىن ئاشقانلار ئومۇمەن تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. قان بېسىمىنى بىرلا قېتىم ئۆلچىتىپ نورمال بولسا ئۇنىڭغا قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە قان بېسىمىنى داۋاملىق ئۆلچىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

2. تولۇق تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجە قەغىزىنى ساقلاپ، مەلۇم مەزگىلدە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3. قان تەركىبىدىكى ماي ماددىسىنى مەلۇم مەزگىلدە بىر قېتىم تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

4. مەلۇم جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ياكى جىددىي كېمىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

5. تاماقتا رىتىملىق بولۇش، بەك تويۇپ كەتمەسلىك، كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىش، كەچلىك تاماقنى بەك كۆپ يېۋەتمەسلىك ۋە گۆش، ياغلىق نەرسىلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىش، ئۇسسۇزلۇقلارنى كۆپرەك ئىچىش، مېۋە - چېۋە يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك.

6. كەيپىياتنىڭ نورماللىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. كەڭ قورساق بولۇش، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ۋايساپ كەتمەسلىك، جېدەل - ماجرادىن ساقلىنىش، ئومۇمەن خاپا بولىدىغان، كۆڭلى پەرىشان بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش، بولۇپمۇ يۈرەك ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بار بىمارلارغا قايغۇلۇق خەۋەرلەرنى ئىندىمەستە تەييارلىقى بولمىغان شارائىتتا يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە تۇتۇشى، تولىمۇ خىيالچان بولۇپ كەتمەسلىكى، قىزىقارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرۇشى، مۇزىكا ئاڭلاش، ئۆزئارا مۇڭدىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشى لازىم. بولۇپمۇ ياشانغانلار كۆڭۈل ئاغرىقىدىن، رەنجىشلەردىن ساقلىنىپ، روھىي ئازادىلىك ئىچىدە ياشىشى، ۋاقتىدا ئۇخلاپ - قوپۇشنى، ئۇيقۇدىن كېيىن چاي ئىچىشنى ئادەت قىلىشى، ئۆزىدە ھەم جورىسىدا ياخشى كۈتۈنۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى ھادىسىسىنىڭ خەۋپىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1- دوختۇرخانىدا مۇدىر ۋراچ)

ETHNIC UNITY

# ھەرخىل سوئالغا ھەرخىل جاۋاب

**سوئال:** مەن بويتاقچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا زادىلا كۆنەلمەيۋاتىمەن. بىر ئىشلارنى قىلسام ئۆزۈمنىلا ئويلاپ خوتۇنۇمنى ئۇنتۇپ قالىمەن. بىر كۈنى خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز كىنوخانىغا كىنو كۆرگىلى بارغاندۇق، ئۆزۈمگىلا بېلەت ئاپتىمەن. خوتۇنۇم مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن ناھايىتى رەنجىپ كەتتى. مەنمۇ بەك ئوسال ئەھۋالدا قالدىم. ھۆرمەتلىك تەھرىر ئاكا، مۇشۇنداق ئىش ناۋادا يەنە تەكرارلىنىپ قالسا، مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشتا قانداق ئەپچىل چارىڭىز بار؟

— كېرىيە ناھىيىسىدىن: ئوبۇلقاسىم مەتروزى

**جاۋاب:** ناۋادا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش قايتا تەكرارلىنىپ قالسا، قىلچە ئىككىلەنمەي خوتۇنىڭىزغا: سىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن سىزنىلا ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دەڭ.

**سوئال:** بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتنە - يېرىم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر قويۇقلاشتى، بىراق مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئىناق دوستلار، يېقىن ھەمشىرىكلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارازلىشىپ جېدەل - ماجىرا قىلىشىدىغان، ئەرز- شىكايەت سۈنۈشىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ھۆرمەتلىك تەھرىر، بۇنىڭغا قەرز بەرگۈچى سەۋەبچىمۇ ياكى قەرز ئالغۇچى سەۋەبچىمۇ؟

— غۇلجا شەھەر تاشلەپكى بازار 2 - دۇكاندىن: ئابدۇللا

**جاۋاب:** ھەر ئىككىسى سەۋەبچى: قەرز بەرگۈچىنىڭ زېرەكلىكى، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئۇنتۇغاقلىقى.

**سوئال:** نۇرغۇن كىشلەردىن تەھزىرلەر ئالدىن كۆرەلەيدۇ، كۆپ ئىشلارنى ئالدىن قىياس قىلالايدۇ دېگەنلەرنى تولا ئاڭلىدىم. ئۇنداق بولسا، ھۆرمەتلىك تەھرىر، مېنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىم توغرىلىق بىرنەرسە دەپ بېرەلەمسىز؟ ھېچبولمىغاندا ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— يەكەن ناھىيىسىدىن: نۇردۇن

**جاۋاب:** «ھەققىنى ئەۋەتسىڭىز دەپ بېرىمەن».

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، يازغۇچى بولغان ياخشىمۇ ياكى باش مۇھەررىر بولغان ياخشىمۇ؟

— ھەم يازغۇچى، ھەم باش مۇھەررىر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر كىشىدىن

**جاۋاب:** يازغۇچى ئاتقا ئوخشايدۇ، باش مۇھەررىر سەركىگە ئوخشايدۇ. قېنى نېمە بولۇشنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

**سوئال:** يولدىشىمنىڭ مىجەزى كىچىك بالىنىڭ مىجەزىگىلا ئوخشايدۇ، ئادەتتە بىرەر ئۇششاق كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچراپ قالسا، باتناپ تۇرۇۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە ۋاقتىدا ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدۇ. مەن يولدىشىمغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

— كورلا شەھىرى باھار كوچىدىن: سائادەتخان

**جاۋاب:** دائىم ماختاپ پەپىلەپ تۇرۇڭ.

**سوئال:** ئەگەر مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ قالسام، تەبرىك سۆزىنى ئۇيغۇرچە سۆزلىگىنىم ياخشىمۇ ياكى خەنزۇچە ۋەياكى ئىنگلىزچە سۆزلىگىنىم ياخشىمۇ؟

— ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىن: ئاقىل

**جاۋاب:** سىز ناۋادا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشسىڭىز، گەپ قىلماي گاچا بولۇۋالسىڭىزمۇ، شەرەپ يەنىلا سىزگە مەنسۇپ بولۇۋېرىدۇ.

**سوئال:** مۇھەببىتىمنى سۆز بىلەن ئىزھار قىلغىنىم ياخشىمۇ ياكى بىرەر ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئىپادىلىگىنىم ياخشىمۇ ۋەياكى شۇ قىزنىڭ مېنى ھەققىي چۈشىنىپ، ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى

ھەرخىل سوئالغا ھەرخىل جاۋاب

ETHNIC UNITY

ئىزناقارلىق ئېلان: خېرىدار ئىزدەيمىز، تەجرىبە كەتمەيدۇ، ئىچكىرىسىگە كىرسىڭىزلا يۈزتۈرانە سۆزلىشىمىز. (جەمەت كۆيۈنلۈرۈش ئورنى)

كۆتۈپ تۇرغۇنۇم ياخشىمۇ؟

— تۇرپان شەھرىدىن: پەتتار

**جاۋاب:** سۆزدىن ھەرىكەت ياخشى، ھەرىكەتتىن قىزنىڭ سىزنى چۈشەنگىنى ياخشى.

**سوئال:** مەن خېلى بۇرۇنلا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، بىراق يېقىندىن بۇيان، باشقا بىر قىز ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى، بۇ ئىش تۈپەيلى ئارسالدى بولۇپ سىلەردىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن خەت يازاي دەپ تۇرسام، ئۈچىنچى بىر قىزدىن مۇھەببەت خېتى كېلىپ قالدى. ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرۈپ باقسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن. قانداق قىلسام بولار؟

— ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىدىن: غەيرەت

**جاۋاب:** «نەپسىڭىز» بەك چوڭ ئىكەن، ھەزىم قىلالماي قالماڭ يەنە.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر ئەپەندى، سىز ماڭا باي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ئاتۇش شەھرى ئازاق يېزىسىدىن: ئەكرەم

**جاۋاب:** پۇل تېپىڭ.

**سوئال:** مەن خوتۇنۇم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساملا ئۇ: «ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. تۇرمۇشتا سىلەرمۇ مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرامسىلەر؟

— خوتەن شەھرىدىن: قەييۇم

**جاۋاب:** ھەر ھالدا پېشانىڭىز خېلى ئوڭ ئىكەن. ناۋادا خوتۇنىڭىز، «ئانامنى چاقىرىپ كېلىمەن» دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟!

**سوئال:** ھەزىل سوئال ئەۋەتسەك،
ھەزىل جاۋاب بېرىسىز.
«جاۋاب بېرىڭ؟» نى نېمىشقا
بىزگە قويۇپ قويىسىز.

## هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

ياكى جاۋاب بېرەلمەي،
قىينىچىلىق تارتامسىز؟

**جاۋاب:** سوئال ئاددىي بولغاچقا،
قويۇپ قويدۇق سىزلەرگە،
كايىپ كەتمەڭ ئۇكىجان،
بۇنچە ئۆگۈپ بىزلەرگە،
قىيىنچىلىق نېمە ئۇ،
«جاۋاب بېرىڭ» دېگەنگە.

سوئال سوراپ جاۋاب بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپتىن: مۇتەللىپ ئابدۇقادىر

## جاۋاب بېرىڭ؟

**سوئال:** مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ماتېماتىكا دەرسىدە ئوقۇغۇچىلىرىم ئالدىدا ئىشلەپ كەلگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتراپىمغا ئولىشىۋالسا ئۆزۈمنى خۇددى مۇخبىرلار زىيارەت قىلىۋاتقان كاتتا ئەربابلاردەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ھۆرمەتلىك تەھرىر، مېنىڭ بۇنداق ئويلىغىنىم توغرىمۇ؟

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن: مۇھەممەتئېلى ئىمام

**سوئال:** مېنىڭ ساۋۇت ۋە داۋۇت ئىسىملىك قوشكېزەك ئوغلۇم بار ئىدى، بۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، چىراي شەكلى ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ ئوپمۇ ئوخشاش بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا بۇ ئىككىسىنى پەرق ئېتەلمەستىن نېمە دەپ چاقىرىشىمنى بىلەلمەي قالىمەن. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

— غۇلجا شەھەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىدىن: مىجىت ئىمىر

(مەزكۇر سەھىپىنى خەمىت نېغمەت تەييارلىغان)

هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

ETHNIC UNITY

قىزىقارلىق ئېلان: تېجەپ قالغان پۇلىڭىزدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى بېسىپ بېرىمىز. (باسما زاۋۇت)

## كۆلكە خۇرۇچلىرى

### تەلەپ قويۇش

يىگىت: خېنىم، سىز گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت.

يىگىت: خېنىم، سىز بەك نازاكەتلىك ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت!

يىگىت: خېنىم، سىز زەمزەم سۇيىدەك پاك ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت!

يىگىت: خېنىم، ماڭا تېگىشنى خالامسىزكىن؟

قىز: ئېرىمگە ئوخشاش تازا ئەزمە بىر ئادەمكەنسىزغۇ سىز!

### سەۋەبى ئوخشاش

هەر كۈنى سائەت 9 دا شىركەتنىڭ دىجورنى خادىمى يوقلىما دەپتىرىگە بىر قىزىل سىزىق سىزىپ قويىدىكەن. كېچىككۈچىلەر بولسا سىزىقنىڭ ئاستىغا سەۋەبىنى ئەسكەرتىپ يېزىپ قويىدىكەن. ئەتىگىنى دائىم تۇمان بولغاچقا بىرىنچى بولۇپ كېچىككىنى سەۋەبى دېگەن يەرگە «تۇمان بولغاچقا كېچىكىپ قالدىم» دەپ يازىدىكەن.

كېيىنكىلەرمۇ پەقەتلا «سەۋەبى ئوخشاش» دەپ يېزىپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئايال كاتىپ لۇئىس ئۇيقۇچىلىقتا كېلىپلا ئاۋۋالقىدەك توشقۇزۇپتۇ، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن دىرېكتور ئۇنى چاقىرىپ يوقلىما دەپتىرىنى كۆرسىتىپ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. لۇئىس قارىسا بىرىنچى بولۇپ كېچىككەن ئادەم: «ئايالىمنىڭ تۇغۇتى بىلەن كېچىكىپ قالدىم»دەپ يازغانىكەن.

### باي بولۇشنىڭ سىرىنى دەپ بېرىمەن

هال ـ ئوقتى ئانچە ياخشى ئەمەس بىر يايمىچى كېچىكتىكى بىر كېمىچىگە:

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مېنى قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، قانچىلىك پۇل بېرىسىز؟

— يېنىمدا پەقەت پۇل يوق، ئەمما سىزگە باي بولۇشنىڭ سىرىنى دەپ بېرىمەن.

كېمىچى سەل ئارىسالدى بولۇپتۇ ـ يۇ، ئاخىرى ماقۇل بوپتۇ. قارشى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن كېمىچى دۇدۇقلاپ سوراپتۇ:

— ئەمدى كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەققىنى بېرىۋېتەرسىز؟

— ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەققىنى دەمسىز؟ ھە، ئۇنداقتا باي بولاي دېسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئوخشاش پۇلى يوق ئادەملەرنى كېچىكتىن ھەرگىز ئۆتكۈزۈپ قويماڭ.

### سىزنىڭكىگە ئوخشاش

گىتلېر بىر كۈنى يوشۇرۇن كىيىنىپ بېرلىندىكى بىر كىنوخانىدا كىنو كۆرۈپتۇ. ئېكراندا گىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى چىققان ھامان، بارلىق تاماشىبىنلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئېكرانغا قاراپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپتۇ، پەقەت گىتلېرلا ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ، يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن ئاستا ئېگىلىپ گىتلېرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش، بىراق ئامال قانچە، بىز سىزدەك باتۇرلۇق بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايمىز.

### بىر ـ بىرىنى ئالداش

بىر ئادەم تاكسىدا كېتىۋېتىپ نىشانغا كەلگەندە

كۆلكە خۇرۇچلىرى

قىزىقارلىق ئېلان: شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈڭ! ئۇ يەردە 24 سائەت كېچە بولىدۇ. (ساياھەت شىركىتى)

يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوقلۇقىنى بايقاپتۇ - دە، شوپۇرغا:

— مۇشۇ يەردە توختاتقىن، مەن يول بويىدىكى دۇكانغا كىرىپ بىر قاپ تاماكا سېتىۋېلىپ چىقاي. 10 دوللار پۇلۇم ماشىنا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ماشىنا بەك قاراڭغۇ ئىكەن. قارىغاندا دەرھال تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا سەن ماڭا تاماكا سېتىۋالغۇدەك ئازراق پارچە پۇل بېرىپ تۇرساڭ — دەپتۇ.

ئۇ پۇلنى ئېلىپ دۇكانغا كىرىپلا ئارقىسىغا قارىسا دەرۋەقە ئۇ ئويلىغاندەكلا ھېلىقى تاكسى ئۇچقاندەك كېتىپ قاپتۇ.

## شەرەپ

3 ئامېرىكىلىق كىشى نېمىنىڭ «شەرەپ» بولىدىغانلىقى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ قالدى.

— ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇش ھەممىدىن شەرەپ، — دېدى بىرىنچىسى.

— ياق، — دېدى ئىككىنچىسى، — زۇڭتۇڭ بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇۋاتقاندا، بىرىلەن زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلسە، زۇڭتۇڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئېرىنىپ، سېنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا چىقارسا، بۇنىسى ھەممىدىن شەرەپ.

— خاتالاشتىڭلار، زۇڭتۇڭ بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز جىددىي تېلېفون كېلىپ قالدى، زۇڭتۇڭ تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېھتىرام بىلەن: «ئەپەندى، سىزنى ئىزدەيدىكەن» دېسە، بۇ ھەممىدىن شەرەپ، — دېدى ئۈچىنچىسى.

## كۆلكە خۇرجۇنى

## كۆلكە خۇرجۇنى

## سىزلا توغرا تاپقان بولسىڭىز

يولدىشى ئاغرىقچان ئاتا - ئانىسىغا پۇل ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ بانكىدىن پۇل ئەكەپتۇ ۋە خوتۇنىغا مەسلىھەت سېلىپتۇ:

— ئاتا- ئانام ئاغرىقچان، ئۇلارغا 50يۈەن ئەۋەتىپ قويايمىكىن.

— ئۆزىڭىز بىلىڭ! — دەپتۇ خوتۇنى قوپاللىق بىلەن.

— ئەمىسە 30 يۈەن ئەۋەتەي.

— ئۆزىڭىز بىلىڭ! — دەپتۇ خوتۇنى يەنىلا قوپاللىق بىلەن.

يولدىشى ئاچچىقىنى بېسىپ يەنە سوراپتۇ:

— ئەمىسە 10 يۈەن ئەۋەتسەمغۇ بولار؟

— سىزلا توغرا تاپقان بولسىڭىز بوپتۇ — دەپتۇ خوتۇنى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— قېيىن ئاتام بىلەن قېيىن ئانىمىلارغىمۇ 10 يۈەن ئەۋەتىپ قويامدۇق؟

— ئۆزىڭىز بىلىڭ! — دەپتۇ خوتۇنى يەنە چالۋاقاپ.

— ئەمىسە 30 يۈەن ئەۋەتەيلى.

— ئۆزىڭىز بىلىڭ!

— 50 يۈەن ئەۋەتسەكچۇ بولار؟

— سىزلا توغرا تاپقان بولسىڭىز مەيلى، — دەپتۇ خوتۇنى چىرايىغا يەنە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

(خەمىت نېغمەت تەييارلىغان)

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!

● ئەخەت ھاشىم ●

سۆيۈملۈك دىيارىمىزدا دەبدەبىلىك ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈنلەردە ھەرقانداق ئادەمدە ئۇلۇغۋار پىلان، يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلار بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلۇغۋار پىلان، ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، ئىزدىنىدىغان قەتئىي ئىرادە، ئىشەنچ، غەيرەت ـ شىجائەت بولۇشى لازىم، مانا بۇ ھەممىدىن مۇھىم. ئەگەر بىزدە يالغۇز پىلان، ئارزۇ ـ ئارمانلا بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قەتئىي ئىرادە، ئىشەنچ، غەيرەت ـ شىجائەت بولمايدىكەن، خۇددى «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەر بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان بۇ ژۇرنالنى دەۋر تەلىپىگە لايىق، رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان ھەقىقىي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ساپ قان ـ تەر ئاققۇزدى. نەتىجىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەدىناس دوستىغا، يېقىن سىرداشىغا ۋە ھەقىقىي غەمگۇزارىغا ئايلاندى. نەچچە ئون مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىپ ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى، غەيرەت ـ شىجائىتىنى نامايان قىلدى.

لىللا گەپنى قىلغاندا، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك نەتىجىلەر ئىدى، بىراق ئۇلار بۇ نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ، بوشىشىپ قالمىدى، بەلكى مەغرۇرلىنىش، قانائەتلىنىشتىن يىراق بولۇپ، ئۆزلىرىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇشقا باشلىدى. قانداق قىلغاندا ژۇرنالنى تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق قىلىپ چىقارغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇردى، ئىزدەندى، ھەرخىل ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىر، ياخشى ئۇسۇللارنى تاپتى. پات ـ پات تۆۋەنگە چۈشۈپ ژۇرنال تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر ـ تەلەپ، مەسلىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ تۇردى. ئاخىر ئۇلار مۇھىم نۇقتىنى تېپىپ چىقتى ــ ژۇرنال سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا يەنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاپتورلار قوشۇنى بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار ئاپتورلار خىزمىتىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەشكە كىرىشتى. ھەرخىل شەكىل



سۈرەتتە: ئەسەر ئاپتورى ئەخەت ھاشىم (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) يەنئەندىكى باۋتا مۇنارى ئالدىدا مەمتىلى زۇنۇن، زوردۇن سابىر، ئىدرىس بارات، ئابدۇكېرىم راخمانلار بىلەن بىللە.

ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئاپتورلارغا ياخشى تەكلىپ، مەسلىھەتلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي بېرىپ تۇردى. دېگەندەكلا بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ژۇرنالدىكى بۇ ئەزىمەتلەر ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالمىدى. قارىغاندا بۇلار مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ...

مول مەزمۇنلۇق، سەرخىل ئەسەر ـ ماقالىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتورلار ھازىرقى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇغان، دەۋر روھىنى، يۇقىرىنىڭ سىياسەت ـ يوليورۇقلىرىنى ۋە ئاممىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى ئوبدان چۈشەنگەن بولۇشى شەرت. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ياخشى ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى ئەزىمەتلەر مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاپتورلارغا ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش شەرت ـ شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ۋەزىيىتى، نىشانى، مەقسىتى ۋە ئاممىنىڭ تەلىپى ئۈستىدە بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىشنى كۆڭۈلگە پۈكتى. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن روھ بويىچە بىر قىسىم ئاپتورلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان جايلارنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى ۋە بۇ ھەقتىكى پىلان، ئوي ـ پىكىرلىرىنى يۇقىرى رەھبەرلىككە يەتكۈزدى. بۇ ھەقىقەتەن قىيىن ھەم خېلى كۆپ ئىقتىسادقا تاقىشىدىغان مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، تەسىرى، ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالدى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بولۇپمۇ مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش تېز ئارىدىلا رويابقا چىقتى. ئۆزۈندىن بۇيان ژۇرنالغا قىزغىن ئەسەر يېزىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم يازغۇچى، ئاخباراتچى، ئوقۇتقۇچى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 22 كىشى ژۇرنال باش مۇھەررىرى يولداش ئىدرىس باراتنىڭ باشچىلىقىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇزىتىپ قويۇشى بىلەن 1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

* * *

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتنى باشلىۋەتتۇق. زىيارىتىمىز ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان يەنئەننى ئېكسكۇرسىيە قىلىشتىن باشلاندى. يېشىللىققا پۈركەلگەن قاتمۇـقات تاغلار ئارىسىدىكى گۈزەل يەنئەن شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەينى يىللاردا ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى ۋە مەركىزىي كومىتېتى 8 ـ ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى تۇرغان چىلانلىق باغ (زاۋيۇەن)نى ۋە ۋاڭجياپىڭنى، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 7 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان ۋە يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم مەركەزنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېتى، ئىشخانىلىرى ئورۇنلاشقان ياڭجيالىڭنى، 1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلغان لوچۇەن ناھىيىسىدىكى فېڭجياسۈن كەنتىنى، يەنئەننىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك باۋتا مۇنارىنى ۋە يېڭىدىن ياسالغان يەنئەن ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيى قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن مەشھۇر جايلارنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن زىيارەت قىلدۇق. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باتۇر ئوغلانلىرى ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى قاتارلىق رەھبەرلەر تۇرغان ياتاق، ئىشخانىلارنى، ئۇلار ئىشلەتكەن ئاددىي كارىۋات، ئورۇندۇق ـ ئۈستەل، دۈۋەت ـ قەلەم، كورۇشكىلارنى ۋە ئاشۇ ئېغىر يىللاردا كىيگەن نىھايىتى ئاددىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يىغىن زالىدىكى سىرلانمىغان، چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن ئۇزۇن ئورۇندۇق ـ ئۈستەل قاتارلىقلارنى كۆرگەندە، گويا ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ تۇرغاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ ھاياجىنىمىزنى باسالمايلا قالدۇق. قەلبىمىز ئىختىيارسىز ھالدا دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەپ كەتتى...

يەنئەندە تولۇق 2 كۈن زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر بىلىم، ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈپ يەنە شىئەن شەھىرىگە قايتتۇق. يولبويى يەنئەندە كۆرگەنلىرىمىز ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئاغزىمىز بېسىقماي قالدى. بەزىلەر



شەيتان لۇغىتى: قىمارخانا ــ «ساخاۋەتچىلەر»نىڭ ئىختىيارسىز ھالدا «تەلەيلىك»لەر ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىدىغان سورۇنى. (مەترۇزى ئابدۇكېرىم)

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالدىراپ خاتىرە يازاتتى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرىمىلەن ھاياجانلانغان ھالدا: «ئاغىنىلەر، پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىكلىكى توغرىسىدا ئىلگىرى گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇغان ھەم دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغاندۇق، بىراق يەنىلا ئەمەلىيەتنى كۆرگەنگە يەتمەيدىكەن. ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقىنى، بۈگۈنكى بۇ بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دېدى. شۇنداق، بۇ ھەممىمىزنىڭ قەلب سۆزى ئىدى.

شىشەن شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە قەدىمىي تۇرنا راۋىقى (دايەنتا)، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، ئىنسانلار مەنىۋى بايلىقىنىڭ خەزىنىسى چىن شىخۇاڭ قەبرىستانلىقىدىكى قورچاق لەشكەرلەر مۇزېيى قاتارلىق قىممەتلىك ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن سىرت ھازىرقى زامان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ گەۋدىلىك نامايەندىلىرىدىن بولغان سۈنئىي ھەمراھنى كۆزىتىش ـ كونترول قىلىش مەركىزىنى ۋە ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى زىيارەت قىلدۇق. ئىككى قاسنىقى ياپيېشىل چىملىق ۋە رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك، كەڭ ئازادە يوللار ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن كۆركەم زامانىۋى بىنالار ئورمانىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ تەرەققىيات رايونىغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە گويا ئۆزىمىزنى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ بىر تىلسىماتلىق شەھەرگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. ھەيرانلىق ئىچىدە ئەتراپتىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمەي ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قالدى. باش ـ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان بۇ كاتتا شەھەرنى ئاۋادا پىيادە يۈرۈپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا توغرا كەلسە، بىر ھەپتە ۋاقتىمىز يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا 1 ـ 2 سائەت ماشىنا بىلەن يۈرۈپ شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن نۇقتىلىق بىرنەچچە ئورۇننىلا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۇق. تونۇشتۇرۇش ۋە بىۋاسىتە كۆرۈش ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇق.

شىشەن شەھىرىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھېچنېمە يوق تۈزلەڭلىكتە 1988 ـ يىلدىن باشلاپ بىنا بولۇشقا باشلىغان بۇ شىئەن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئومۇمىي ئىگىلىگەن ئورنى 29.15 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ رايوننى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن 6 يىلدىن بۇيان سەرپ قىلغان پۇل 2 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. مەخسۇس يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 2200 كارخانا، مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىلا ئىشلەپ چىقىرىدىغان زور كۆلەملىك كارخانا گۇرۇھىدىن 15 ى، دۆلەت ھالقىغان كارخانا گۇرۇھىدىن 4 ى بارلىققا كەلگەن. مەملىكەت ئىچى ۋە ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق 20 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن كارخانىچىلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 291 گە يەتكەن. بۇلار سالغان مەبلەغ 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي چەت ئەللىكلەر سالغان مەبلەغ 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇ رايوندىكى ھەرقايسى كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان ياراملىق پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىلا 60 مىڭدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل سانائەت مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ يۇقىرى ئىناۋەت ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن. بۇ يەردە ھازىر پەقەت ئالىي مەكتەپنىلا 22 سى، چوڭ تىپتىكى پەن تەتقىقات ئورنىدىن 49 ى، چوڭ تىپتىكى تەجرىبىخانىلاردىن 200 دىن ئارتۇقى بار ئىكەن. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ماس قەدەمدە يۈكسەلگەن. مەمۇرىي باشقۇرۇش، كادىرلار تۈزۈمى، ئىش تۈزۈمى، مۇلازىمەت قاتارلىق ئىشلاردىمۇ زور ئۆزگىرىش ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىكى يېڭى قىياپەت بارلىققا كېلىپ، يۈرۈشلەشكەن، مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسىغا ئىگە زامانىۋى تەرەققىيات بازىسى مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن 1991 ـ يىل 3 ـ ئايدا بۇ رايوننى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەستىقلاپتۇ. دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىمۇ بۇ رايوننى دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار پەن ـ تېخنىكا رايونى قىلىپ باھالاپتۇ. ھازىر بۇ رايون پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئۇنئۈچىرسال 52 يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئىچىدە ئالدىنقى 4 ـ قاتاردا تۇرىدىكەن. بۇ نېمدېگەن ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش ـ ھە! قىسقىسى، بىز شىئەندىكى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ رايوننى كۆرگەندىن كېيىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بۇ رايون قىسقىغىنە 6 يىل ئىچىدە شىئەننىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇھىم سودا كۆزنىكىگە ۋە ئىسمى جىسمىغا لايىق يېڭى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەقىقىي بازىسىغا ئايلانغان...

شەيتان لۇغەت: كەچلىك مۇزاكىرە ـــ پاراڭلىشىشلىك ئەلا ياخشى پۇرسىتى. (مەتروزى ئابدۇكېرىم)

شىئەندىكى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن يەنە پايتەختىمىز بېيجىڭ، تيەنجىن، داليەن قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. پويىزدا كېتىپ بارغىنىمىزدا ئارىمىزدىن بىرەيلەن ھاياجان ئىچىدە: «شىئەندىكى يۇقىرى يەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆرگەندىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى ھەققىي ئوبرازىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم. كاللامدىكى نۇرغۇن مۇجمەل مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتى. مەن ئىلگىرى ئېچىۋېتىلگەن رايون، تەرەققىيات رايونى دېسە، مەلۇم شەھەر ياكى رايوننىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپلا چىقىپ، دۆلەت مالىيە جەھەتتىن ئۇلارغا كۆپلەپ ياردەم بېرىدۇ، يۆلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنى باشقا شەھەر، رايونلاردىن ئالدىنراق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ بېرىدۇ، دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن؟ شىئەندە بىز كۆرگەن رايون ھېچنېمە يوق يەردە قۇرۇلۇپ قۇرۇق قول ئىش باشلىغانىكەن. دۆلەت پەقەت ئۇلارغا نىشان، يول كۆرسىتىپ بېرىپتۇ، سىياسەتنى كەڭرەك قويۇپ بېرىپ بەزى جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىپتۇ، خالاس. قالغان ھەممە ئىشنى ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، تولۇپ تاشقان ئىسلاھات روھىنى جارى قىلدۇرۇپ جاپالىق ئىزدىنىش، داددىل ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئېچىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈپتۇ. ئىش ھەرگىزمۇ مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەسكەن» دەپ سۆزلەپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ رايوننى كۆرگەندىن كېيىن ھەممىمىزدە بىر خىل يېڭىچە تونۇش، يېڭىچە تەسىراتلار پەيدا بولغانىدى.

بىز بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ سەلتەنەتلىك «خەلق» سارىيىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش، داليەندە داغدۇغىلىق ئېچىلغان «داليەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش» قاتارلىق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭ، تيەنجىن، داليەنلەردىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي رايونلارنى، مەشھۇر سودا ئورۇنلىرىنى ۋە داڭلىق داليەن سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق تېز يۈكسىلىۋاتقان ئورۇنلارنى زىيارەت قىلغاندىن تاشقىرى تيەنئەنمېن راۋىقى ۋە خان سارىيى، لۇگوۋچياۋ مەدەنىيەت ساياھەت رايونى، «خەلق» سارىيى، دۇنيا باغچىسى، داليەندىكى پورت، تەبىئىي مەنزىرىلىك دېڭىز ساھىللىرى، لۇيشۇنكودىكى تارىخىي سەنئەت مۇزېيى، شىڭيا دېڭىز ئاستى دۇنياسى، جىڭشى ساياھەت رايونى، بەييۇشەن تېغى، دوستلۇق مۇنارى، شىزىكو (شىرئاغزى) قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلىپ چەكسىز ھاياجانغا چۆمدۇق...

دەرۋەقە بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ ۋاقتى 20 كۈنلا بولغان بولسىمۇ، لېكىن 20 يىلدىمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدىغان ئەمەلىي بىلىمگە، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. مەركەزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئېرىشكەن ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قايناق ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، گۈزەللىكى، مېھرىنىڭ ئىللىقلىقى بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. نەگىلا بارساق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. چىرايلىق كۈتۈۋېلىندۇق. سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەققىي مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. دېمەك، بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ۋەتەنگە بولغان مېھر ـ مۇھەببىتىمىزنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى...

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى يولداشلاردا ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارزۇسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردا قەتئىي ئىرادە، ئىشەنچ، زور غەيرەت ـ شىجائەت، ئەمەلىي تەدبىر بولغاچقىلا، مۇشۇ كەمگىچە باشقا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى قىلىپ باقمىغان قىيىن، ئەمما ئەھمىيەتلىك زور ئىشنى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىرالىدى. ئويلاپ باقايلى، مۇشۇنداق ئەمەلىي ئۆگىنىش پائالىيىتى ژۇرنال سۈپىتىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئۇنۇملۇك رول ئوينىماي قالارمۇ؟ ئەمەلىي بىلىم، چوڭقۇر تەسىرات، ئىلھاملارغا چۆمگەن قەلەمكەش دوستلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە ھاسىلات، چۈشەنچە، تەسىراتلىرىنى ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ئىزھار قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلماي قالارمۇ؟

مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا ۋە قىلالايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ژۇرنال سۈپىتىنىڭ چوقۇم ياخشىلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىش، ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.



يارايسەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!

# بىر دەستە گۈل تىزىپ

## ياندىم سەپەردىن

(شېئىرلار)

ماخمۇت مۇھەممەت

### چو ڭ تۇرنا راۋىقى

چوڭ تۇرنا راۋىقى تۇمان باغرىدا،
تۇرىدۇ چۈمكىلىپ جۇيخۇا گۈللەرگە.
غوگۇلداپ قالىدۇ گاھى قوڭغۇراق،
ئۇرۇلۇپ خىيالى، كەلمىش كۈنلەرگە.

يەتتە قات ئاسمانغا چىقتىم مىڭ تەستە،
يەردىنمۇ بەتتەركەن ئەرشتە تۇمان.
چوڭ تۇرنا كەتكەندۇر نەلەرگە ئۇچۇپ،
كۆرەلمەي چۈشتۈم مەن قەلبىمدە ئارمان.

1997 ـ يىل 11 ـ نويابىر، شىئەن

### كونا شىئەن ۋە يېڭى شىئەن

تەۋەررۇك، قەدىمىي شەھەر بۇ شىئەن،
قويىندا ئالىم ۋە ئالىم ئىزنا بار.
تارىخىي پايتەختنىڭ باغرىدا بۈگۈن
قەد كەردى شياڭگاڭچە ئالماس بىنالار.

ماتوردا ئايلاندىم يېڭى شەھەرنى،
تاڭ قالدىم ئۇچۇرنىڭ دۇنياسىدا مەن.
تولۇقلاپ بارىدۇ بىرى ـ بىرىنى،
پىشقەدەم شىئەن ۋە نەۋقىران شىئەن.

1997 ـ يىل 13 ـ نويابىر شىئەن

### لاۋسۇنجيا

لاۋسۇنجياغا بارمايمەن،
بارسام ھەرگىز يانمايمەن.
شۇ كۆگۈللۈك كۈنلەرنى
ئەسلەپ ـ ئەسلەپ قانمايمەن.
(سەپەر قوشاقلىرىدىن)

لاۋسۇنجيا، ① لاۋسۇنجيا، غەمسىز كۈلكىلەر
ۋە قىزنىق چاقچاقلار قېپقالدى سەندە.
قىيالماي قايرىلدىم ئارقامغا نەچچە،
دېمەككى، بىر سۆيگۈ ئويغاتتىڭ مەندە.

ماقال بار: مىڭ سالام بىر كۆرگەن يەرگە،
تۈزكەبى ئۇلۇغدۇر سەندىن تارتقان تەم.
قوي گۆشى شورپاڭغا ئۇۋۋالغان ناندەك،
ئىسمىڭغا سىڭىپلا كەتتى ئەسلىمەم.

1997 ـ يىل 13 ـ نويابىر، شىئەن

### قېرىماس كوچا

داليەننىڭ چىرايلىق بىر كوچىسىغا،
«قېرىماس كوچا» دەپ بېرىشىپتۇ نام.
ئايرىلغۇم كەلمىدى سائەتلەپ بۇندىن،
كۆزۈمگە نەۋقىران كۆرۈندى ئاۋام.

كۆزۈمگە نەۋقىران كۆرۈندى ھەركىم،
چېھرىدە گۈل ـ غۇنچە، كۆزلىرىدە ئوت.
بۆلەندىم خىيالەن غەيۇرلىككە مەن،
بۇ پەسلى قىش ئىدى، يۈرىكىمدە ھوت.

گۈزەلنىڭ ئىسمىمۇ گۈزەل بولۇرمىش،
داليەندە ئاڭقىردىم بۇ مەنتىقىنى.
قېرىماس كوچىدا قېپقالسام مەڭگۈ،
لياۋنىڭلىق بىر پەرى ئېپقالسا مېنى.

1997 ـ يىل 22 ـ نويابىر، داليەن

### ئەستىلىك

باڭچۇيداۋدا، ② شەرقىي شىمالنىڭ
خىلۋەتكىنە ئارامگاھىدا،
ھۇزۇرىدا كۈتتى بىزلەرنى
كىچىك پېئىل ئىسمائىل ③ ئاكا.

قورۇنماستىن، كەڭرى ـ كۇشادە،
قىزىتتۇق بىز شېرىن پاراڭنى.
بەشكېرمىنىڭ بېغىدىكىدەك،
جاراڭلاتتۇق «قادىر مەۋلان»نى.



ئەيتان لۇغەت: مىرىكە .چايلار ـــ ھازىرقى كىشلەرنىڭ پۈل تېپىشىدىكى ياخشى يولى، يىگىدىن ئىجاد قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «4.كەسىپ».(مەتروزى ئابدۇكېرىم)

مەشرەپ ھۆسنى — ئىلى چاقچىقى،
نۇر چاقناتتى دوستلار كۆزىدە.
ئولتۇرغاندەك سىزنىڭدۇق شۇتاپ،
ئۆرۈك يۇرتى — جىلىلىيۇزىدە.

... پۈتتى سەپەر، تارقالدى دوستلار،
خىرەلەشتى كۆپ ئەسلىمىلەر.
كۆڭلىمىزدە نەقىش بوپقالدى،
باغچۇيداۋدا ئۆتكۈزگەن دەملەر.

1997 - يىل 23 - نويابىر، دالىيەن

## تاڭگۇ ④

رومانتىك، قەدىمى ئۇسسۇلدەك لەزىز،
مەھبۇبىنىڭ كۆزىدەك سىرلىق بۇ ئارال.
ھەر كۈنى سۆيىدۇ لىۋىنگە دېڭىز،
كېچەيۇ كۈندۈزى يۈلتۈزى يال - يال.

تۇرىدۇ تاغلاردەك كاتتا پاراخوت،
تاڭگۇ زېمىنغا يىقىپ باغرىنى.
كۆتۈرگەن ئالەمچە مۆجىزىنى ئۇ،
نېمكەن مۇشتۇمدەك بىر تاغ دېگىنى!

1997 - يىل 24 - نويابىر تيەنجىن - تاڭگۇ.

## يەنئەن ئۈنتۈلماس

ھاياجان ئىلكىدە يەنئەنگە كەلدىم،
ۋەكەزدىم ھەر كوچا، ھەر جىلغىسىنى.
چىلانزار ⑤ ھويلىدا ئۆتمۈشكە كەتتىم،
كۆرگەندە ئەجدادنىڭ قۇتلۇق ئىزىنى.

باۋتاشەن ⑥ ئۈستىگە چىقتىم ئۈمتۈلۈپ،
سەپسالدىم خىيالچان ئۇزاق - ئۇزاققا.
مۇقەددەس توپىلارنىڭ گۇمبۇرلىشىنى،
ئېپكەلدى تىلسىمات شامال قۇلاققا.

لوچۇەندە ⑦ ئەستىلىك سۇرەتكە چۈشتۈم،
يۈيدۈردىم بېيجىڭدا ۋە لىنتىسىنى.

تيەنئەنمېن ھۆسنىگە باققاندا خۇشۋاق،
تىنىمسىز ياد ئەتتىم ۋاڭجياپىڭ ⑧ سېنى.

1997 - يىل نويابىر يەنئەن - بېيجىڭ

## دۇتار

(دوستلارغا ھەزىل)

گۈل تۇتۇپ بارغاندەك دوستلار قېشىغا،
سەپەرگە ئاتلاندۇق دۇتار قۇچاقلاپ.
شام بولدۇق، ئولاشتى كۆرمىك پەرۋانە،
چالغۇنىڭ مەگزىدە تۇرسا نۇر چاقناپ.

ھەر شەھەر، ھەر مەنزىل قۇتلىدى بىزنى،
ھەر سورۇن «گۈلنايىم» كەبى مەست ئىدى.
كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرغان بىر دوست،
يەلكەمدىن قۇچاقلاپ «سىز دۇتار؟» دېدى.

دۇتارنى كۆتۈردۇق پويىزدىن چۈشسەك،
توندى ساھىبخان بىزنى شۇزامات.
سەپەرنى تۈگەتتۇق كۈندە توي تارتىپ،
توي بېشى ئاكىمىز ئىدرىس بارات.

دۇتارلىق يول يۈرسۇن سەپەردە ئەگەر،
تويدىكى مېھماندەك يايراي دېسە كىم.
ۋە بولسۇن ھەمراھى خۇشچاقچاق ئۆمەر،
قەشقەرنىڭ خۇشئاۋاز ئوغلى ئابلىكىم ⑨ .

1997 - يىل 11 - دېكابىر غۇلجا

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىدا)

---

### ئىزاھلار:

① لاۋسۇنجيا — شىشەندىكى داڭلىق ئىسلام مېھمانخانىسى.
② باگچۇيداۋ — دالىيەندىكى بىر يەر ئىسمى.
③ ئىسمائىل ئاكا — ئىسمائىل ئەھمەد.
④ تاڭگۇ — تيەنجىندىكى پورت.
⑤ ⑥ ⑧ يەنئەندىكى جاي ئىسىملىرى.
⑦ لوچۇەن — لوچۇەن يىغىنى ئېچىلغان جاي.
⑨ ئۆمەر سايىم، ئابلىكىم روزىبلارنى كۆرسىتىدۇ.

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىز مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنال قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

# دەرەخ ھەققىدە «رىۋايەت»

● مۇختار قادىر ●

كىچىك ۋاقتىلىرىمدا مومام سانىخان تۆرىگە ئەگىشىپ، ئىگىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يەككە-يېگانە ھالدا كۆكلەپ تۇرغان قەدىمىي توغراق يېنىغا بىرقانچە قېتىم بارغانىدىم. بۇ كاداك توغراق ئەتراپىدا نە ئېرىق، نە كۆل بولمىسىمۇ، خۇددى ھارىرقىلار سۇنىڭ كاۋچۇكتا ياساپ قويغان بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ مودېلىدەك مېنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. 5 ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان يوغان غولىغا 15 نەيزە بويى (موماممىڭ ئاتايىنى) كېلىدىغان ئىگىز گەۋدىسىگە، بىر شاخلىرىدا قۇرۇپ، يەنە بىر شاخلىرىدا ياشىرىپ تۇرغان سېرىق، يېشىل ياپراقلىرىغا، 5 قەدەم نېرىسىدىن قۇم ئۇستىگە چىقىپ قالغان يان يىلتىزىغا قاراپ ئاللىقانداق خىياللارنى سۈرەتتىم. موماممۇ بولسا، توغراقنىڭ تۈۋىدە ماي پۇرىتىپ ئىسرىق سالاتتى، قوۋزاقلىرىنى سىلاپ كۆزىگە سۈرتەتتى ۋە بەزىدە يەرگە چۈشكەن چاكاندىلارنى تېرىپ، ياغلىقىغا چىگىۋالاتتى. ئۆزى ئالايىتەن تەييارلاپ كەلگەن رەڭدار قۇراقلارنى (لىنتىلارنى) توغراققا يۆگەيتتى. پارس تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قەدىمىي تىل بىلەن دۇئا ئوقۇيتتى. مەن موماممىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى گۆدەكلىكىم بىلەن زادىلا چۈشەنمىگەن بولسامۇ، ماڭا قايتا - قايتىلاپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايمەن: «دەرەخ — بىزنىڭ قوغدىغۇچىمىز. بىز دەرەختىن تۇغۇلغان، روھىمىز يەنە دەرەخكە قايتىدۇ. قارىمامسەن، ئەگەر ئاللاتائالا بۇ توغراققا ئالىي قۇدرەت ئاتا قىلمىغان بولسا، مۇشۇنداق كۆكلەپ تۇرالامتى؟ بىلىپ قوي، بۇ توغراق ئاتام زامانىدىن(1) بۇيان تەكلىماكاننى قوغداپ تۇرۇۋاتىدۇ...» چوڭ بولۇپ، ئەقىل تاپقاندىن كېيىن، كۆڭۈل كۆزلىرىم بىرئاز روشەنلىشىپ، نۇرغۇن تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇدۇم. ئوقۇغانسېرى قىزىقىپ، بىردىنلا قەلبىم يورۇپ كەتتى. ئەسلىدە موماممىڭ «قىلىقلىرى» ھەرگىز خۇراپىيلىق ئەمەس، بەلكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دەرەخكە چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش، چۈشلۈكنى سۆيۈش، مەزمۇنلۇقنى قەدىرلەش ئەنئەنىسىگە تالىق ئادەت ئىكەن.

«ئىدىقۇت مەڭگۇ تېشى»دا: «بىر كۈنى ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ، دەرەخ ئادەمدەك قورساق كۆتۈرۈپتۇ. توققۇز ئاي، ئون كۈن ئۆتكەندە قورسىقى يېرىلىپ، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئەڭ كىچىكى ئېركىن بۆگۈخان ئىكەن، ئۇ ئاقساقال بولۇپتۇ...» دېگەن مەلۇمات بار. بۆگۈخان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئورمانلىق قەۋمىنىڭ تارىختىكى يولباشچىسى ئىدى. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇز خاقانىنىڭ 2- خوتۇنى دەرەخ كاۋىكىدا تۇغۇلىدۇ. 13- ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى جۇۋەينى: «بەدىئۇلەر باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى سورىسا، كىشىلەر ئىككى تۈپ دەرەختىنى كۆرسىتىپتۇ» دېگەن بىر رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن. يەنە «بۆگۈخان رىۋايىتى»دە دەرەخلەر ئادەمدەك سۆزلەيدۇ، كۈلىدۇ، غەزەپلىنىدۇ. تارىخچى راشىدىن، ساياھەتچى ماركوپولولارمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ئۇيغۇرلار دەرەختىن تۇغۇلغان ئىكەن» دېگەن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ھازىرقى بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭنىڭ ئۇۋۇقىنى ئانىنىڭ ئۇۋۇقى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ. ئۆلۈك يېنىغا چاكاندا (ھەمراھ) دەپنە قىلىدۇ. يالغۇز دەرەخ، قەدىمكى ئورمانلارنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ تۇمار پۈكۈۋالىدۇ. تۇغماس ئاياللار ئىلاھى دەرەخنى قۇچاقلىسا تۇغىدۇ، رەڭدار لېنتا باغلاپ سىغىنسا تېخىمۇ كۆپ تۇغىدۇ، دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بۇ بىر قاتار تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانە تۈسىنى ئالغان ئادەتلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مۇھىتنى كۆكەرتىش ئارقىلىق ھاياتنى ھۇزۇرلاندۇرۇشنى بۇرۇنلا بىلگەن.

«ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» دېگەن كىتابتا: «383 خىل خۇرۇچنىڭ 264 خىلى ئۆسۈملۈكتىن، 108 خىلى دەرەختىن،



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

ئا خىلى سۇ بىلەن تۇپراقنى چىقىدۇ... جىگدە، سۆگەت... يوپۇرماقلىرى ۋە مېۋىسى راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بەدەننى زەھەرسىزلەندۈرىدۇ» دېيىلگەن. ئېگىلىنىشچە، يەر شارىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تۈرى 300 مىڭ خىلدىن ئاشىدىكەن. ئانا دىيارىمىز شىنجاڭدا بار دەرەخ - چاتقال تۈرلىرى ئاران 400 خىل. بۇ ھال بەلكىم بىزگە زېمىننى كۆكەرتىپ، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشنىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك قىسمەتنى ئاتا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. دەل مۇشۇ سەۋەبىدىن، قەشقەر ئوپالدىكى 1000 يىللىق «ھاي - ھاي تېرەك»نى، خوتەن باغچا بازىرىدىكى 500 يىللىق ياڭاق دەرىخىنى، خوتەن لايقا يېزىسىدىكى 487 يىللىق ئەنجۈر دەرىخىنى، مارالبېشى خەنىيار جاڭگىلىدىكى 2000 يىللىق توغراقنى قەدىرلەپ ئاسراۋاتىمىز. ھويلا - ئارامىلارنى، يول ياقىلىرىنى باغچىلاشتۇرۇۋاتىمىز، چۆل-باياۋانلارنى كۆكەرتىشكە ئاتلىنىۋاتىمىز. بىزدىلا ئەمەس، بۇنداق دەرەخنى ئاسراش خىسلىتى زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىگە خېلى بۇرۇنلا كۆتۈرۈلگەن ئامېرىكىلىقلاردىمۇ بار ئىكەن: كالىفورنىيە شتاتىدا ئېگىزلىكى 100 مېتىر، غول ئايلانمىسى 30 مېتىر بولغان 3000 يىللىق بىر شەمشاد بار بولۇپ، «دەرەخلەر پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۆتكەن ئەسىردە بۇ شەمشادقا ياسىلىۋاتقان تاشيول ئۆتىدىغان بولۇپ قالغاندا، كىشىلەر دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى غولىنى تېشىپ، تونىل ياسىغان -دە، يولنىمۇ تاشلاپ قويمىغان، دەرەخنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئەمما بۇ «دەرەخ تونىل» 100 يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئۈزۈلمەي ساياھەت قىلىدىغان ئورنىغا ئايلانغان②.

دەرەخ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، بىناكارلىق ئىشلىرىغا ئەسقېتىش، شامالنى توسۇش... رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ ھاياتلىقنىڭ ياردەمچىسى، نەملىكنى ساقلىغۇچى، چاڭ - توزاننى سۈمۈرگۈچى، ئوكسىگېن ئىشلەپچىقارغۇچى، كۆز ۋە ئەقىلنى روشەنلەشتۈرگۈچى، ھاۋانى زەھەرسىزلەندۈرگۈچىدۇر. ھازىر ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشماقتا. ھەر يىلى نۇرغۇن كۆچەتلەر تىكىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە ھەر يىلى نۇرغۇن دەرەخلەر كېسىلمەكتە. يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش ھادىسىسى بىزنى چۆچۈتمىسى كېرەك. ماكانىمىز بىزنى باقتى، بىز ماكانىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز، ئۇنى شامالدىن، بوراندىن، خىلمۇ خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلاش ئۈچۈن، يەنىلا دەرەخلەرنى ئاداققىچە سۆيۈشىمىز، پەرۋىش قىلىشىمىز، مۇشۇ دەرەخلەرنى ئۇلغايتىش ئارقىلىق ماكانىمىزنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: پوسكام نېفت بازىسى 1- ئوتتۇرا مەكتىپى)

---

ئىزاھ: ① ئاتام زامان — تارىم ئۇيغۇرلىرى بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) زامانىنى شۇنداق دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

② — تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىئولوگىيە دەرسلىكى، 140- بەت.

## دېھقاننىڭ تەبرىك سالىمى

### — «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىگە بېغىشلاپ

قەدىرلىك تەھرىر ئاغىلار، سىلەرگە مەندەك بىر دېھقاننىڭ يىراقتىن ئالاھىدە سالام يوللىشى غەيرىي تۇيۇلماس. مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىنى يىراقتىن تەبرىكلىمەكچى، ئاددىي تەبرىك خېتىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر.

ژۇرنىلىڭلارنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسى قۇتلۇق بولسۇن!

مەن خېلى كۆپ يىللاردىن بېرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن سۆيۈملۈك ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن ۋە بەك ياقتۇرىمەن. ئۇ ژۇرنال مەن ئۈچۈن تاڭ سەھەردە چىققان ئاپئاپېنەك يېقىملىق، قۇرغاقچىلىق پەيتىدە ناۋا سېلىپ كەلگەن سۇدەك ئېزىز، ئەتراپنى توپا - چاڭ قاپلاپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز شارقىراپ ياغقان يامغۇردەك قەدىرلىك، ئېچىرقاپ تۇرغاندا كەلتۈرۈلگەن ناندەك تاتلىق، قاراڭغۇدا تۇيۇقسىز يانغان چىراغتەك نۇرلۇق بولۇپ ھوزۇر ۋە خۇشاللىق بېغىشلاپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلماس دوست، چىن قەدىناس بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»، «مىللەت خەزىنىسى»، «مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت»، «گۈلدەستە» قاتارلىق سەھىپىلەر مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ، مېنىلا ئەمەس، مەن تونۇشىدىغان ۋە تونۇشمايدىغان تالاي-تالاي كىشىلەرنىمۇ جەلپ قىلىدىكەن. مەن بۇ سەھىپىلەردىكى ھەر بىر قۇرنى زور قىزىقىش ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئوقۇپ چىقىمەن. ژۇرنىلىڭلاردا كىشىلەرگە ھوزۇر - لەززەت بېغىشلايدىغان، بىلىم - ساۋات بېرىدىغان، بىزنى ئالغا يېتەكلەيدىغان توغرا، مول مەزمۇنلارنى ئۈزمەي بەرگىنىڭلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى بۇ سەھىپىلەردە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، دۇنيادىكى ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ ۋە دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھازىرقى روھىي ھالىتى قاتارلىق مەزمۇنلار ھەر خىل سانلىق مەلۇمات ۋە كونكرېت تەھلىللەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇ 10 يىلدىكى ئەنئەنىۋى سەھىپىلەرنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەپ يېڭى ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ بېرىشىڭلارنى، ژۇرنىلىڭلارنىڭ يەنىمۇ زور ئۇتۇق-شەرەپلەرگە ئېرىشىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

خوتەن ۋىلايەت گۇما ناھىيىسىنىڭ دۆلەت چارۋىچىلىق مەيدانىدىن

ئەكبەر توختى (دېھقان) 1997 - يىل 12 - ئاي

ETHNIC UNITY

# ئاپەت بولدى ھەشەمەت

(شېئىر)

● تۇرسۇنجان ناسىرى (دېھقانىي) ●

تالايلارغا نام ـ ئابرۇي سۆلەت بولدى ھەشەمەت،
ئامەتلىككە كىرىملىك دۆلەت بولدى ھەشەمەت،
كىملەرنىدۇ سەمرىتىپ قوندۇردى ئەت ھەشەمەت،
ئاللىكىملەر بېشىغا كۈلپەت بولدى ھەشەمەت،
پۇلى يوققا ھەممىدىن بەك چەت بولدى ھەشەمەت.

ھەشەمەتتىن دۇنياغا كۆز ئېچىشتى تۇرلۇك توي،
تويلار ئۈچۈن جېنىدىن قۇربان بولدى نەچچە قوي،
قوپاللىشىپ خاراكتېر، ئۆسۈپ باردى مىجەز، خۇي،
بىر توي ئۈچۈن كار قىلماس يانچۇقتىكى مانچە كوي،
تويچىلارغا يار ـ يۆلەك، مەدەت بولدى ھەشەمەت.

يامان ئىكەن باغاقلار قاتارىغا سەپ بولدى،
پۇلى كۆپكە تارقىتىش ھەممىدىن بەك ئەپ بولدى،
نامرات ئۈچۈن باغاقمۇ ئىللىق ئەمەس، چەپ بولدى،
كىملەرنىڭدۇ كۆڭلىدە شۇ سەۋەبلىك «خەپ» بولدى،
گاداي ئەمەس، بايلارغا چۆپقەت بولدى ھەشەمەت.

رېستورانلار ئېلىنىپ بۇزۇپ ـ چېچىش باشلاندى،
خېلى كۆپى يېمەكنىڭ يېيىلمەستىن تاشلاندى،
بۇنى كۆرۈپ دېھقاننىڭ چاناقلىرى ياشلاندى،
قىچىشمىغان باشلىرى «ئېست» بىلەن قاشلاندى،
قورسىقى ئاچ ئىنلارغا پۇرسەت بولدى ھەشەمەت.

نەزىر بولدى يىغىندا، تويدىن نەچچە چوڭ بولدى،
كىرگەندى نامراتلار باشلىق چېھرى توڭ بولدى،
ئانىسىنىڭ ئۆلگىنى پۇل يىغماققا ئوڭ بولدى،
ئىگە بولدى «مو»لاققا، ئىشلەتكىنى «پۇڭ» بولدى،
دىل ئاغرىتىپ كىمدىنىدۇر غەيۋەت بولدى ھەشەمەت.

ئوغۇل تۇغقان ئانىنىڭ بېشىنى غەم مارايدۇ،
ئەتكۈزگەندە ئالتۇندىن قىز يىگىتكە قارايدۇ،
كەم قالسىمۇ قول ياغلىق ئىشنى تەتۈر تالايدۇ،
تاز بولسىمۇ باي بولسا ئاندىن يىگىت يارايدۇ،
قاپىقىدىن بارىكى قىسمەت بولدى، ھەشەمەت.

قىز يۆتكەلمەس تويلۇقتىن توققۇزى تەل بولمىسا،
يۆتكەش ئۈچۈن ئەلا ئالىي ماشىنا دەل بولمىسا،
ئەگەشكىلى سەكسەن خىل «سانتانا» ھەل بولمىسا،
ئامالى يوق يىگىتنىڭ قىزچاققا ئەل بولمىسا،
يېشى توشقان يىگىتكە مىڭ دەرد بولدى ھەشەمەت.

قىزنىڭ دىلى رەنجىيمىش سىنئالغۇغا ئالمىسا،
كۆڭلى يېرىم بولارمىش پىشانىنو چالمىسا،
شادلىنارمىش يىگىتنىڭ يانچۇقلىرى ھارمىسا،
مېھمان كۈتۈپ نەچچە كۈن بەل ـ پۇتلىرى تالمىسا،
شادلىق ئەمەس كىمگىدۇر ھەسرەت بولدى ھەشەمەت.

ۋىجىركىسى ھەممىدىن تېرىپ قويدى چاتاقنى،
بىر توپ بىكار نوچىلار خام كىكىردى هاراقنى،
ئۆسۈل ئويناپ، ۋارقىراپ باشقا كىيدى ياناقنى،
كۆتەلمىسە يىگىتكە يۈكلەپ نۇرغۇن ئاتاقنى،
شۇ سەۋەبتىن نەچچە رەت لەنەت بولدى ھەشەمەت.

گۇناھ ئەمەس ئانىنىڭ ئوغۇل قىلىپ تۇغقىنى،
قىزنىڭ ئىشقۇ بىر تويدا پالان قەرزگە بوغقىنى،
(تۇگىمىسە ياردەمدە بولۇپ تۇرۇپ تۇغقىنى)
مازاق ئەتمەي قالارمۇ بۇ ئىشلارنى ئۇققىنى؟!
باشنى غەمدىن قاتۇرغان مەينەت بولدى ھەشەمەت.

ھەشەمەتنى قوغلىشىپ كەينىدىن ھېچ يېتەلمەي،
كۆپەيمەكتە بويتاقلار مۇرادىنى ھەل ئېتەلمەي،
دىل ھەسرەتكە مۇپتىلا يارنى تاشلاپ كېتەلمەي،
قوش يۈرەكنىڭ تارىنى يا قورقماستىن چېكەلمەي،
ۋەدىلەشكەن جۈپلەرگە «ئاپەت» بولدى ھەشەمەت.

ھەشەمەتنىڭ ئۇرۇقى سەھراغىمۇ چېچىلدى،
«ئىسلاھ قىلدۇق تويىنى، دەپ يىگى بىر بەت ئېچىلدى،
ئالتۇن ھالقا ئەتكەنگە ئاندىن نىكاھ چېتىلدى،
ھالقا ئۈچۈن قوي ـ كالا ئەرزان باھا سېتىلدى،
باي بولۇشنىڭ يولىدا لەھەت بولدى ھەشەمەت.

ھەشەمەتكە بەند بوپ قالغان سانسىز بەندىلەر،
يۈگۈرۈكلار ئاستىراق، سۇرئىتىڭلار بەس، يېتەر،
ھەشەم بىلەن قالغاندا نامراتنى كىم يات ئېتەر؟!
باشپاناھسىز يېتىمنى مېھرى بىلەن كىم يۆلەر؟!
قېرىشقاندەك بارغانچە رەت ـ رەت بولدى ھەشەمەت!!!

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا خەلق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ)

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغان ئەسەرلەر بىردەك ئەسكەرتىلىپ قويۇلۇشى كېرەك.

# كىتابخۇمارنىڭ ئۆي ئىجارىگە ئېلىشى

كېففېر پوۋس [ئامېرىكا]

ئانام دېرىزىنىڭ تېشىغا «بۇ ئۆي ئىجارىگە بېرىلىدۇ» دېگەن قەغەزنى چاپلاپ قويغانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خېيدېر ئەپەندى ئۆيىمىزگە كەلدى.

— ئۆي يامان ئەمەسكەن — دېدى ئۇ، — مەن بۇگۈن ئاخشاملا كىتاب ۋە يۈك ـ تاقلىرىمنى يۆتكەپ كېلەي.

بىز مۇنچە كۆپ كىتابنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق؛ ئۇنىڭ كىتابلىرى توپتوغرا بىر هارۋا كېلەتتى. مەن ئىچىمدە: «بۇنچە كۆپ كىتابنى ئۆمۈر بويى ئوقۇپمۇ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، خېيدېر ئەپەندىنىڭ يۈك ـ تاقلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى: بىر كونا چامادان ۋە بىر نەچچە قۇر كونا كىيىمى، ئۇنىڭدىكى يىرتىق ئايىغىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆيىمىزگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ ئادەتتە ئىشقا بارماي، ھۇجرىسىدا كىتاب ئوقۇيتتى، ياكى بولمىسا بىز بىلەن ئوينايتتى. مېھمانخانىمىزدا ئانام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ھەمىشە ئەدەب بىلەن ئىگىلىپ سالام قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىلاجسىزلىق ۋە مەيۇسلۇك چىقىپ تۇراتتى.

يېزىمىزدىكى كىچىك بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى جىننى ھامما بىزنىڭ بۇ مېھمىنىمىزنى ياقتۇرمىدى. ئۇ:

— كىتابخۇمارلار ئادەتتە يەك نامرات كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلەيدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭدىن ئۆي ئىجارىسىنى سوراشقا خىجىل بولۇۋاتىمەن — ئانام خاتىرجەملىك بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى، — بىراق، ئۇنى ئىجارە تۆلەشتىن تېنىۋالماس دەپ ئويلايمەن.

— بۇنداق ئادەملەرنى مەن كۆپ كۆرگەن، — دېدى جىننى ھامما، — مەنسىتمىگەن ھالدا، — سىز باشقىلارغا ئىجارىگە بەرگەن يېڭى كىيىمىڭىزنى يېڭى پېتى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ ئويلىماڭ. ئانام ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە:

— بەلكىم دېگەنلىرىڭىز توغرىدۇ، — دېگىنىچە جىننى ھامىنىڭ يەنە گەپ قىلىشىنى خالىمىغاندەك، ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قەھۋە سۇندى.

بىر كۈنى كەچتە يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئانام خېيدېر ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئەنسىرەپ، دادامغا:

— ئۇنى چاقىرىڭ، ئىسسىنىۋالسۇن، — دېدى. بۇ چاغدا مەن ئاچام، ئاكاملار بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتىم. دادام خېيدېر ئەپەندى بىلەن مەشنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىشكەچ، ئەينى يىللىرى نورۋېگىيىدە بىللە تونۇپ ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى، خېيدېر ئەپەندى تەبىئىيلا بىزنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىمىز بولۇپ قالدى. ئۇ ئاكامغا لاتىن تىلى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئەستايىدىل تەكرار قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. ھەر قېتىم بىز تاپشۇرۇقلىرىمىزنى ئىشلەپ بولۇپ، ئانام تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە توقۇشقا باشلىغاندا، خېيدېر ئەپەندى سۆزىنى باشلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت ھاياتىدىكى قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، بىزنى قىزىقارلىق، گۈزەل ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن زوقلاندۇراتتى.

بىز خېيدېر ئەپەندىنىڭ بىزگە دېككىنسنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بەرگەن ئاشۇ كېچىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمىز. كىتاب ئوقۇش بارا ـ





مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا يېتىشەلمەيمىز.

بارا بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم تاپشۇرۇقسىز تۈگىشى بىلەن ئۇنىڭ بىزگە كىتاب ئوقۇپ بېرىشىنى كۈتەتتۇق. ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ بىر دۇنيا نامايان بولاتتى. ئانامۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ھېكايە ئاڭلاشقا مەپتۇن بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز ھاۋا ياخشى كۈنلىرىمۇ سىرتلارغا چىقمايدىغان بولدۇق. ئاتا - ئانىمىزمۇ بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى. ئاكاممۇ ئەمدى كوچىدىكى «بەڭۋاش باللار» بىلەن ئويناپ يۈرمەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئاكامنىڭ دوستلىرى يېزىدا توخۇ ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئاكام بىز بىلەن بىللە ئۆيدە ئولتۇرۇپ خېيدىر ئەپەندى ئوقۇپ بەرگەن «تۇمانلىق پايتەختتىكى پېشىم ئوغۇل»نىڭ ئاخىرقى بابىنى ئاڭلاۋېتىپ، بالىنىڭ قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەش روھىدىن تەسىرلىنىپ ئولتۇراتتى...

بىر كۈنى كەچتە، بىز خېيدىر ئەپەندىنىڭ قىزىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. ئۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئانامغا:

— مەن ئەتە بۇ يەردىن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، ئېغىر قايغۇدا قالغاندەك تۇراتتى، — بارلىق كىتابلىرىم باللارغا قالسۇن، خانىم مانا بۇ چەك سىزگە تۆلەيدىغان ئۆي ئىجارە ھەققى. سىزنىڭ ماڭا ياخشى غەمخورلۇق قىلغىنىڭىزغا چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئارقىدىن ئۇ ھەممىمىزنى سۆيۈپ تۇرۇپ خوشلاشتى. بىز ئىنتايىن ئازابلانغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ كىتابىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدۇق.

ئانام جىننى ھاممىغا قولىدىكى چەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا قاراڭ، مەن يەنىلا يېڭى كىيىم قايتۇرۇۋالدىم، — دېدى. بۇ چاغدا، بولكا دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بىزنىڭ ئۆيگە «دەرد تۆكۈپ» كىردى:

— ھېلىقى خېيدىر دېگەن قىپقىزىل ئالدامچى ئىكەن، ماڭا بەرگەن چېكى بىر پۇڭغىمۇ ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق قەغەز كەن، چۈنكى ئۇنىڭ بانكىدا بىر پۇڭمۇ پۇلى يوق ئىكەن! جىننى ھامما بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى ئىغاڭلىتىپ تۇرۇپ، ئانامغا:

— مانا، مەن ئۇنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن، بىراق سىلەر ئىشەنمىگەن ئىدىڭلار، قانداق، ئەمدىغۇ ئالدانغىنىڭلارنى بىلگەنسىلەر؟ ئۇ چوقۇم سىلەرگە نۇرغۇن پۇلغا قەرز بولۇپ قالدى!

— ياق، — دېدى ئانام كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇ بىزگە ئەمەس، ئەكسىچە بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭغا كۆپ قەرزدارمىز. ئانام سۆزلەۋېتىپ، كەينىگە بۇرۇلدى - دە، قولىدىكى چەكنى مەشكە سېلىۋەتتى...

(ئۆمەر ھەسەن تەرجىمە قىلغان)

(«ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» دىن ئېلىندى)

## خوتۇن - قىزلار توغرىسىدا ماقال - تەمسىللەر

△ ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى ئەر قىلار،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى يەر قىلار.

△ ئۆيۈڭنى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن،
كۇل قىلغانمۇ خوتۇن.

△ ئۆينىڭ گۈلى — خوتۇن، چىرىغى — ئەر.

△ ياخشى خوتۇن ئەرگە باشپاناھ.

△ ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ ئىلكىدە.

△ ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،
تۇل بولسىمۇ يىل ئەمەس.

△ ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت.

△ ئۇرۇشقاق خوتۇن تۇل قالار.

△ يامان خوتۇن ئۈزۈلمەس تاسما، -
ئۇنداق تاسمىنى بوينىڭغا ئاسما.

△ ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ جېدىلى تولا.

△ يامان خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

△ يامان خوتۇن ياقىغا ئېسىلار،
يامان ئىت پاچاققا.

△ قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.

△ قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.

△ گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر.

△ خۇيى بار قىز ئۆي تۇتالماس.

△ خوتۇن كىشىنىڭ جېنى قىرىق بىر.

△ سۇس ئەردىن چۇس ئايال ياخشى.

△ بىشەم خوتۇن بىر كۈنلۈك،
بېزەك خوتۇن بەش كۈنلۈك.

△ بېچىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە،
چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار.

△ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ،
كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر.

△ ئېرىڭدىن يامانلىماي، ئەيىبىڭدىن يامانلا.

△ كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ قەرزى تولا.
كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ ئەرزى تولا.

△ يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىغان)

ETHNIC UNITY

## مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيلى

(«م»غا مەركەزلەشكەن مۇراجىئەت)

كابىلجان مامۇت

مىللەتلەر مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى مەرۋايىت - مارجانلاردۇر، مۇقىملىق مۇساپىسىنىڭ مەلۇماتلىق مېھمانتەكشىلىرىدۇر، مەمۇرچىلىقنى مۇللاشتۇرغۇچى، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى مۆرۋۈۋەتلىك مەردانىلەردۇر.

مۇبادا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلمىسا، مۇستەھكەملەنمىسە، مىللەتلىرىمىزنىڭ مالىمانچىلىق مەنزىلىگە مېڭىشى مۇقەررەر.

مەلۇمكى، مۇنىڭدىن مۇقەددەم مىلسىز مالىمانچىلىقلار، مىللەتپەرەست - مۇناپىقلارنىڭ مالامەتلىك مۇشكۈللۈكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مالىمانلاشتۇرۇپ، مىللەتلىرىمىزنىڭ مېھر - مۇھەببەتلىك مېڭىلىرىنى مەينەتلەشتۈرۈپ، مۇدھىشلىق ماكانلىرىغا مۆكتۈرگەنىدى.

مەملىكىتىمىز مۇستەقىللىق مۇنبىرىگە مۇقىملىشىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى مۇھىم مەسىلە مۇندەرىجىسىگە مۇئەييەنلەشتۈردى، مەركەزدىكى ماۋزېدۇڭدەك مەلۇماتلىق ماھارەتلىك مەردانىلەر مۇقىملىق مەشئىلىنى مەۋجلەندۈرۈشتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇلاھىزىلەپ، مىڭلىغان مۇشەققەتلەرنى مەنسىتمەي، مەملىكىتىمىز مىقياسىدا مىلسىز مۆجىزىلەرنى مەۋجۇتلىدى، مىللەتپەرەست - مۇناپىقلارنى مىجىدى. مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، مۇيەسسەل مىزانلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، موللاشتۇرۇپ، مۇشۇ مەنزىلدىكى مۇنەۋۋەر، مېۋىسى موللارنى، مەردانىلەرنى ماددىي - مەنىۋىيەتتىن مول مۇكاپاتلىدى، مەدەنىيلىكنى ماگدۇردى.

مەردلىك، مۇناپىقلىقنى مۇيەسسەل مۆلچەرلىيەلەيدىغان مىللەتداشلارغا مېنىڭ مۇراجىئىتىم مۇنداق: مەركەزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى مىزانلىرىغا مۇۋاپىق ماسلىشىپ، مۇناسىۋىتىمىزنى مۇستەھكەملەيلى! مىسقالچە مەنپەئەت مۇددىئاسىدا مىڭ - مىڭ ماجىرالاشىدىغان، مەسخىرە - مەينەتچىلىك مەنزىلىگە مىلىنىدىغان مەلئۇنلۇق مەنزىرىسىگە مەڭگۈ مۇتلەق ماگمايلى! مېھر - مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈ مۇقەددەسلىكىنى مېڭىمىزگە مەھكەم مىخلاپ، مەزھەبىيازلىق، مىللەتبازلىق مازارلىرىدا مۆگدىمەيلى! مىللەتلىرىمىزگە مۇسىبەت ماگدۇرۇشنى مەقسەتلىگەن مەرمىز، مىكروبلۇق ماتەم مۇزىكىلىرىغا مۆكلانمايلى! مۇقىملىق مەشئىلىنى مەڭگۈ مەۋجلەندۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىككە ماگغان مەملىكىتىمىزنى ماغدۇرلۇقلار مۇنبىرىگە مۇقىملايلى! مۇقىملىقنىڭ مۇراسىملىرىنى مەڭگۈ مۇبارەكلەيلى!

(ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا شاھ كەنت 1 - مەھەللىدىن)

## بىلىم بەخت بۇلىقى

(«ب» ھەرپى بىلەن يۈرۈشكەن سۆز تويۇنى)

ھامۇت خۇشنا

بىلىم بەختنىڭ بىر بۇلىقى. بىلىمنىڭ بەخت بۇلىقى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بۇرادەرلەر بىلىملىك بولۇشقا بەل باغلايدۇ.

بىلىمسىزلىك بىكارچىلىقتىن، بەختسىزلىكتىن بىشارەت بېرىدۇ. بىكارچىلىق بۇرادەرلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، بىلىمدىن بەزدۈرۈپ بەختسىزلەندۈرىدۇ. بۇنداق بۇرادەرلەر بىلىملىك بولۇشقا بەل باغلىسىلا بەختسىزلىكتىن بوشىنىپ، بەختلىك بولالايدۇ.

بىلىملىك بۇرادەرلەر بەلگىلىمە - بۇيرۇقلارنى بېجىرىشتە باشلامچىلاردۇر. بۇلار بىلىمگە بەجانىدىل بېرىلگەن بىلىم باغچىسىنىڭ بۇلبۇللىرى، بەختلىك بولماقچى بولسىڭىز بىلىملىك بولۇشقا بەل باغلاڭ. بولمىسا بىلىمسىز باداڭلاردىن بوپقالىسىز.

باغۇ - بوستانلىق باغراشنىڭ بەختاخۇن بۇلتۇر باھار بايرىمىدا بىلىم بىلەن بېيىپ باياشات بولغانلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ بەلگىلىنىپ بېيجىڭغا بارغانىدى. بۇنىڭدىن بەختاخۇن بىلەن بۇرادەرلىرى بىلىمنىڭ بىگىسى بارلىقىنى، بىلىم بىلەن بەرھەق باي - باياشات بولغىلى بولىدىغانلىقىنى، بىلىمسىزدە بەخت - بەرىكەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

بىلەرمەنلىك — بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسى، بىلىمسىزلەر بوشاڭ، بىپەرۋا، بىتەدبىرلەردۇر. بۇنداق بىلىمسىز «بىچارە بەندە»لەر بەختسىزلىك بىلەن بەربات بولىدۇ.

بازار باشقۇرۇشنىڭ باھاۋۇدۇن بەكرى، بانكىدىكى بەھرىم بايىزلار بىلىمسىز بولغاچقا، بەدنىيەتلەرنىڭ بوھتان - بەدناملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي «بىچارە بەندە» بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇلار بۇنىڭدىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ، بىلىملىك بولۇشقا بەل باغلايدىغانلىقىنى، بەدنىيەتلەرگە بوزەك بولمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بىلىملىك بىكارچى بولماس، بىلىمسىزدە بەرىكەت بولماس. بىلىملىك بولۇشقا بەل باغلىغان بارلىق بۇرادەرلەر بىر - بىرىمىز بىلەن بىلىمدە بەسلىشەيلى، بەخت بۇلىقىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولايلى، بىلىملىك بۇرادەرلەرگە بارىكاللا!

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
陈乐齐（侗族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第57期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN——1557
邮政发行代号：58——117
出版日期：1998年3月15日

# 1998年第二期要目


●特稿

如何加大力度开发中西部——吴邦国副总理接受本刊记者采访……巴义尔
'97中国十大民族新闻……
问渠哪得清如许，唯有源头活水来——回忆国家民委历届领导对《民族团结》的关怀……鲁生

●民族大视野

新疆：边贸造福各民族……张先国，段芝璞
内蒙古三个少数民族的新生……何涛，吴树广

●民委主任风采录

沙之元：42年的《老民委》……晓林

●时事点评

自治权比较——香港特别行政区与民族自治地方……戴小明

●民族与自治地方

佤族简介……哈米提·尼格麦提

●民族与风俗

我国有些少数民族的节日……马合苏提·艾依提

●祝贺《民族团结》杂志维文版创刊十周年专页

《民族团结》杂志是读者的好朋友……艾买提江·买买提
十年颂（诗一首）……阿布都拉·亚库甫
一个农民的贺信……艾克巴尔·托合提

●人物

光明的使者，患者的恩人……穆罕默德·沙比提

●读者之声

多面而令人鼓舞的形象……努尔尼沙·穆罕德默

●健康与长寿

性格与心血管病……肉孜·阿吉、穆罕默德

●花坛

《民族团结》杂志，我钦佩你的干劲！……艾海提·阿西木
载着美丽的花朵凯旋而归……马合木提·穆罕默德
讲排场之危害（诗一首）……吐尔逊江·那斯尔
树的传说……穆合塔尔·卡德尔

●画页

封面：著名苗族青年歌唱演员宋祖英……李征摄
封二：中国少数民族英才录：图道多吉……巴义尔摄
封三：本刊专栏作家参观团在内地活动剪影……
封底：饰·佤族……刘晓敏、吴萌、孙善明等摄

# ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى دالىيەن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىدرىس بارات (ئوتتۇردا) باش كاتىپى خې رۇ (سولدا) يېڭى قۇرۇلغان دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئالدىدا.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر (ئوڭدا) بىلەن ئۆمەك باشلىقى ئىدرىس بارات يەنئەندىكى باۋتا (گۆھەرمۇنار) مۇنارى ئالدىدا.



دالىيەن كوچا مەركىزىدىكى قىش كۈنلىرىمۇ ياپېشىل تۇرغان چۆپلۈك كىشىگە ئۆزگىچە زوق بېغىشلايدۇ.



ئۆمەك باشلىقى ئىدرىس بارات يەنئەن شەھىرىدىكى باۋتاشەن تېغى ئالدىدا.



دالىيەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدە كىشىلەر كەپتەرلەر بىلەن دوستانە - ئىناق ئۆتىدۇ. بۇ مەدەنىيلىكنىڭ سىمۋولى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقى



《民族团结》维吾尔文版（双月刊） «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11—1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 3.00元 يۈەن 3.00 باھاسى 邮发代号 58—117 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى